مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

باھادىر ئەزمەت



Altunoq

# سادىر پالۋان

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# باھادىر ئەزىمەت

# سادىر پالۋان

تۇرسۇن ياسىن

شىنجاڭ ياشلار- ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ئەركىن ئىبراھىم

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەركىن ئىبراھىم

مەسئۇل كوررېكتورلىرى: ئابلىز ئابباس
دىليار تۇرسۇن

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ


مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

# باھادىر ئەزىمەت — سادىر پالۋان

ئاپتورى: تۇرسۇن ياسىن

*


شىنجاڭ ياشلار — ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 - قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بەنگۇڭتىڭ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1092×787 مم. 32 كەسلەم، باسما تاۋقى: 3.625
2001-يىل 6-ئاي 1-نەشرى
2001-يىل 6- ئاي 1-بېسىلىشى
ISBN7—5371—3858—3/I・1398
سانى: 1—5000
باھاسى: 4.80 يۈەن



بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

# مۇندەرىجە


مولللىتوختىيوزىگە كەلگەن كۆچمەنلەر ...................... 1
خىسلەتلىك بالا ........................................ 8
كىچىك ناخشىچىنىڭ غەزىپى........................ 14
چىنىقىش ............................................ 17
تەڭسىزلىكتىن تۇغۇلغان ئويلار ...................... 21
چىرىكلەرنىڭ دەردى ئۆتتى ........................... 24
ھېۋىزخاننى قۇتقۇزۇش .............................. 27
تۇتقۇن ................................................ 29
قەلقە ياغلىق ........................................ 33
قوشاقچى ............................................ 37
سادىر پالۋان ........................................ 41
ئەل جىنىغا پاتقان «ۋاڭخۇلۇ» ئالۋىنى ............. 49
خەلقنى ھالسىراتقان «خان ئات» ، «خان كالا» ، «خان
قوي» تۇزۇمى ...................................... 54
ئىسيان ................................................ 59
ئۇرۇمچى يامۇلىدىن قېچىش........................... 63
قازانچى جىلغىسىغا يىغىلغان «قاچاق» لار ............ 66
گۇلماڭا بىلەن ئېلىشىش ............................ 69

قۇمۇل يامۇلىدا ................................. 71
ئۇلغايغان قوشۇن ................................. 75
مالىخاي بىلەن ئالداش ................................. 79
ئەل قىساسى مىنەل ھەق ................................. 86
ساددىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇنىنىڭ
قۇدرىتى ................................. 98
ئاخىرقى سۆز ................................. 107

# موللىتوختىيۇزىگە كەلگەن كۆچمەنلەر

سادىر پالۋان 1798 ـ يىل باھاردا، موللىتوختىيۇزى (ھازىرقى غۇلجا ناھىيىسىنىڭ جىلىلىيۇزى يېزىسى موللىتوختىيۇزى كەنتى) دە دېھقان ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئەسلى ئىسمى ئەخمەت بولۇپ، ئۇ خۇش چاقچاق، خۇش پېئىل ئادەم بولغانلىقتىن كىشىلەر ئۇنى «خۇشئەخمەت» دەپ ئاتىشاتتى. ئۇنىڭ ئائىلىسى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى كۆتۈرۈلگەن ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىدىن كېيىن، 1767 ـ يىلىغىچە ئۇچتۇرپان، خوتەن، يەكەن، قۇمۇل ۋە باشقا شەھەرلەردىن بولۇپ ئىلىغا كۆچۈرۈلگەن ئالتە مىڭ ئائىلىلىكنىڭ بىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئەسلى يۇرتى خوتەن قاراقاش ناھىيىسى توقماق مەھەللىسى بولۇپ، بۇ مەھەللىدىكىلەر تۇنجى قېتىم چىڭ سۇلالىسى ئىستىبداتىغا تاياق ـ توقماق كۆتۈرۈپ قارشى چىققانلىقتىن، مەھەللە نامى «توقماق» دەپ ئاتالغان. شۇنداقلا بۇ مەھەللە كىشىلىرى دەسلەپكى سۈرگۈندە ئىلىغا ھەيدەلگەنلەر ئىدى.

ئۇ چاغدا ئىلىغا كۆچۈرۈلگەنلەر قاينۇق، قاش، بولۇبورغۇس، جىرغىلاڭ، تاشئۆستەڭ، بايتوقاي، خونۇخاي، دادامتۇ، ئارائۆستەڭ مەھەللىرىگە جايلاشقانىدى. خۇشئەخ-

مەت دەسلەپ ئارائۆستەڭ مەھەللىسىگە كېلىپ ئورۇنلاش-
قان، كېيىن ئەسلى يۇرتلۇقلىرى توپلاشقان جېلىليۇزى
يېزىسىنىڭ خوتەن مەھەللىسىگە كۆچۈپ بارغان. ھازىرغىچە
خوتەن مەھەللە دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان بۇ مەھەللىدە خوتەن
قاراقاشلىقلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. بۇ مەھەللە بىر
مەزگىل ھۆكۈمەتكە باج ـ سېلىق تاپشۇرۇشقا قارشى چىققاندى-
لىقتىن، ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى تەرىپىدىن
«ئەسكى مەھەللە» دەپمۇ ئاتالغان. ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەت
باشقۇرۇش ۋە سېلىق تاپشۇرۇۋېلىشقا ئاسان بولسۇن ئۈ-
چۈن، باشقا جايلار قاتارىدا شۇ مەھەللىدىكى قاراقاشلىقلار
ئارىسىدىن موللىتوختى ئىسىملىك بىرەيلەننى يۈزبېگى قى-
لىپ بېكىتىپ، ئۇنىڭغا خوتەن مەھەللىسىدىكىلەردىن بىر
تۈركۈم كىشىلەرنى ئاجرىتىپ بېرىپ «موللىتوختىيۇزى»
كەنتىنى قۇرغان. خۇشئەخمەت موللىتوختىيۇزىگە ئايرىلغاند-
لارنىڭ بىرى بولۇپ، شۇ يېزىدا ئىشلەپ تىرىكچىلىك قىل-
غان. مۇشۇ مەزگىلدە ئۇنىڭ بالىلىرىنىڭ يەتتىنچىسى — سادىر
دۇنياغا كەلگەن.

خۇشئەخمەت ئىلىغا چىققان كۈندىن باشلاپ، چىڭ ھۆ-
كۈمىتىنىڭ دارخانلىق تۈزۈمى ئاستىدا ئىشلىگەن. بۇ تۈزۈم
دەسلەپ قۇمۇل ۋاڭلىرى تەرىپىدىن يۈرگۈزۈلگەن يانچىلىق
تۈزۈمى ئىدى، بۇ تۈزۈم بويىچە دېھقانلار ھەر ھەپتىدە ئالتە
كۈن ۋاڭ ئۈچۈن، بىر كۈن ئۆزلىرى ئۈچۈن ئىشلەيتتى.
ئىلى خەلقى بۇ توغرۇلۇق مۇنداق قوشاق توقۇغان:

پۈتى بارلا ئادەمنى تىنچ تاپقۇزماس بۇندا،
سالغۇزىدۇ ئۆي ـ ئىمارەت، سېپىل، باغ ـ ھويلا.

يېتىم ـ يېسىرلار خىجالەت، تەڭگىسى يوق قولىدا،
بار ئۇڭا باش قېتىنچىلىق، ھەر كۈندە يۈز مىڭ خىل غوۋغا.

بىز بۇ يەرگە كەلگەندە ئورا كولاپ ماكان ئەتتۇق،
بىز نامراتلار كەچ كىرگۈچە زۇلۇم ـ زۇلمەتلەر تارتتۇق.
ئۆي ـ جايىمىز پۈتكۈنچە تۇپراق ـ توپىدا ياتتۇق،
غەم ـ قايغۇ چېكىپ كۈن ـ تۈن كېكىردەككىچە پاتتۇق.

بىزدىن كېيىن كەلگەنلەر ئەسكى تامنى ئۆي قىلدى،
ئۇندا خوتۇن ئالغانلار ئەسكى تامدا توي قىلدى.

بۇ قوشاقلاردىن مەلۇم بولغىنىدەك، مەنچىلىك ھۆكۈمىتى ئىلى خەلقىنى تېرىقچىلىق قىلدۇرۇشتىن تاشقىرى، دارخانلىق تۈزۈمى ئاستىدا، سېپىل سالدۇرۇش، ئۆي ـ ئىمارەت ۋە شەھەر بىنا قىلدۇرۇشتەك ئالۋان ـ سېلىقلارغا ئىشلەتكەن.

خۇشئەخمەت ھەتتا خوتۇنى رابىيخان ھامىلىدار ۋاقىتىدىمۇ ھاشاردا ئىدى. ئۇ خوتۇنىنىڭ تەۋەللۇتقا ئولتۇرغىنىنى ئاڭلاپ، ھاشاردىن قېچىپ كەلدى.

* *

مەھەللىدىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا، ئېتىزدىكى بىر چوڭقۇرلۇقتا بىر ئايال تولغاق ئازابىدىن ۋايجانلاۋاتاتتى:

— ۋايجان، ۋاي خۇدايىم قانداق قىلاي؟ . . . ئادەم بارمۇ، ئۇلۇغ خۇدا، ئۆزۈڭ مەدەت قىلغايسەن. . .

خۇشئەخمەتنىڭ تام قوشنىسى سادىقنىڭ ئايالى روشەنخان تاماق ئېتەي دېسە ئۇن يوق، قوشنىسى رابىيخانلارنىڭكىگە ئۇن سوراپ كىرگەندە رابىيخان ئۇنىڭغا ھەممە ئۇننى ھەتتا سۇپۇرىسىنىمۇ قېقىپ بەردى. بۇنىڭدىن تەسىرلەنگەن، خۇشال بولغان روشەنخان لەگمەن ئېتىدىغان بولدى ۋە رابىيخاننى ئۆيگە كىرىپ، بىردەم مۇڭدىشىپ ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ چىقىشقا تەكلىپ قىلدى. رابىيخان ماقۇل دېگەندى. لېكىن نېمىشقىدۇر كىرمىدى. تاماقنى ئېتىپ تەييار قىلغان روشەنخان ئۇنى ئىزدەپ چىقسا ئۆيدە يوق، رابىيخان ئوتتۇن تەرگىلى چىقىپ كەتتىمىكىن، دەپ ئويلاپ ئۆينىڭ ئارقىسىغا، ئېتىز تەرەپكە ئۆتتۈۋىدى، بىر ئايالنىڭ نالە ـ پەريادىنى ئاڭلاپ قالدى.

روشەنخان ئاۋاز چىققان تەرەپكە قاراپ ماڭدى ۋە چوڭقۇرلۇقتا تولغىنىپ ياتقان رابىيخاننى كۆردى ـ دە، ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئاتتى:

— ۋايىيەي قوشنام، يامان يەردە تولغاق يەپ قاپلىغۇ...

ئۇ، ئوتتۇن تەرگىلى چىقىپ تۇيۇقسىز تولغاق يەپ ماڭالماي ئولتۇرۇپ قالغان رابىيخاننى ئۆيگە ئەكىرىپ كېتىشكە ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ، چوڭقۇردىن ئاچىقالمىدى. بىرەرىنى ياردەمگە چاقىراي دېسە، يېقىن ئەتراپتىمۇ ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

— ۋاي قانداق قىلاي؟... ئۆيگە كىرىپ كەتسىلە ياخشى بولاتتى، ئۆزلىرىنى چىڭ تۇتسىلا، قوشنام. خۇدايىم ئۆزى مەدەت بەرگەي سىلىگە...

روشەنخاننىڭ بۇ سۆزلىرى ئۆستەڭ ياقىلاپ كېلىۋاتقان خۇشئەخمەتكە نالە ـ زاردەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ كىمدۇر

بىر نىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇپ، چۆگىلەپ يۈرگەن قوشنىسىغا كۆزى چۈشكەندە، نېمە ئىش بولۇۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى ۋە يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ كەتتى. ئۇ روشەنخان ئايلىنىپ يۈرگەن يەرگە ئالدىراپ يېتىپ كەلدى...

خۇشئەخمەت بىلەن روشەنخان تەۋەللۇت ئالدىدا قىيىنىلىۋاتقان رابىيخاننى يۆلەشتۈرۈپ يۈرۈپ، مىلىك جاپادا ئۆيىگە ئەكىردى. خۇشئەخمەت ئىككىسىنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ، هويلىدا بىتاقەت بولۇپ ئايلىنىپ يۈردى.

— پاختىنى ئوت ئىچىدە ساقلاشقا قادىر خۇدايىم، ئۆزۈڭ بار، كېلىنىشمەسلىكتىن ئۆزۈڭ ساقلىغايسەن، ھەممە مۈشكۈلنى ئۆزۈڭ ئاسان قىلغايسەن... خۇدا، مەدەت بەرگەيسەن.

خۇشئەخمەت بىردەم پىچىرلاپ، بىردە ئۈننى چىقىرىپ، خۇداغا ئىلتىجا قىلاتتى، مەدەت تىلەيتتى. قېرىشقاندەك رابىيخاننىڭ تولغىقى سوزۇلماقتا ئىدى. ئۆيدىن ئۈننىڭ ئىچىنىشلىق، ئازابلىق نالە - زارى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ھال خۇشئەخمەتنىڭ ئەندىشىسىنى تېخىمۇ كۈچەيتتى.

— سۆيۈنچە، سۆيۈنچە، خۇشئەخمەت، سۆيۈنچە بېرىڭ! — خېلىدىن كېيىن روشەنخان ئۆيدىن خۇشال ۋارقىراپ چىقىپ كەلدى. بۇ خۇشخەۋەردىن خۇشئەخمەتنىڭ تەنلىرى يايراپ كەتتى.

— خۇداغا شۈكۈر، ئامان - ئېسەن كۆزى يورۇدىمۇ؟ نېمە تۇغدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— قاشقىر!

روشەنخاننىڭ سۆزىنى خۇشئەخمەت چەكسىز ھاياجانلىنىپ تۇرۇپ تەكرارلىدى.

— قاشقىر؟! خۇدا ئۆمرىنى بەرسۇن.

رابىيخان ئوغۇل تۇغقانىدى. بۇنىڭدىن بېشى كۆككە يەتكەندەك خۇشال بولۇپ كەتكەن خۇشئەخمەت ئوغلىنى كۆرۈشكە تەقەززا بولۇپ، ئىشىك تۈۋىدىن نېرى كېتەلمەي قالدى.

بوۋاق تۇغۇلۇپ خېلىغىچە يىغلىمىدى. كىندىكىمۇ كېسىلدى، ئادراسمان سۈيىدىمۇ يۇيۇلدى. ھەتتا زاكىلىنىپ بىر بۇردا قاتتىق نان بىلەن ئېغىزلاندۇرۇپمۇ بولۇندى، بوۋاق يەنىلا يىغلىمىدى. بۇ غەلىتە ئىشتىن ئانىمۇ، روشەنخانمۇ ئەجەبلەندى. روشەنخان ھويلىغا چىقىپ ئەھۋالنى خۇشئەخمەتكە ئېيتىۋىدى، ئۇ «مەن يىغلىتىمەن» دېگىنىچە ئۆيگە كىردى. زاكىلانغان بوۋاق كۆزلىرى ئوچۇق ھالدا جىم ياتاتتى. دادا بوۋاقنى خۇشاللىق بىلەن قولىغا ئالدى. ئانا ئۆز ئەندىشىسىنى ئېيتتى.

— نېمە بولغاندۇ بۇ بالىغا، نېمىشقا يىغلىمايدىغاندۇ؟

— تىلى چاتاق ئەمەستۇ؟

— ئۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قىلما.

خۇشئەخمەت شۇنداق دېدى ـ دە، بوۋاقنىڭ ئېلىپتەك قاڭشارلىق بۇرنىنى چىمداپ باقتى، بوۋاق كۆزلىرىنى يۇمۇپ ئاچقاندىن باشقا قىمىرلاپمۇ قويمىدى. خۇشئەخمەتتىمۇ ئەنسىزلىك پەيدا بولدى. ئۇ ئاخىرى بوۋاقنى يالىڭاچلاپ تارشىدەك يىرىك، قاتتىق بارماقلىرى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە:

— ھوي نوچى يىگىت، يىغلامسەن، يوق؟ مۇشتتەك تۇرۇپ كىمىڭنى زاڭلىق قىلىسەن ـ ھە؟ يىغلا... — دېدى.

گۆش، ئۇستىخانلىرى يىلىكتەك يۇمشاق بوۋاق بۇ
«رەھىمسىز» دادىنىڭ قاداق قوللىرىنىڭ قىسىشىدىن قاد-
داقمۇ يىغلىماي تۇرالىسۇن؟ ئۇ «ئىڭە» دېگىنىچە يىغلاپ
ئۆينى بېشىغا كىيدى. خۇشئەخمەت قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.
رابىيخان ھاردۇقى چىققاندەك بولۇپ، راھەتلىنىپ ياتاتتى.
كىندىكئانىسى روشەنخان بوۋاقنى ئەركىلەتكىنىچە قايتىدىن
زاكىلاشقا باشلىدى. ئەمما بوۋاق ھەدەپ قولىنى چىقىرىۋالات-
تى. بۇ ئىشتىن كۈلكىسى قىستاپ تۇرغان خۇشئەخمەت
ئوغلىنىڭ ئالىقىنىغا قارىدى. ئالقان يېڭى تۇغۇلغان بوۋاققا
مۇناسىپ بولمىغان ھالدا كەڭ ئىدى.

— ئالقىنىغا قارىغاندا، كۈچتۈڭگۈر ھەم قولى قانلىق
بالا بولغۇدەكمۇ نېمە؟ — دېدى خۇشئەخمەت ۋە قوشۇپ
قويدى، — خۇدا قولىنىڭ قاتتىقلىقىنى يۇرت زومىگەرلىرى
ئۈچۈن قىلغايسەن...

خۇشاللىقى ئىچ ـ ئىچىگە سىغماي قالغان خۇشئەخمەت
ئەتىسى تاڭ سەھەردە ھاشارغا — تاش توشۇۋاتقان يەرگە
مېڭىشقا تەييارلانماقتا ئىدى. رابىيخان ئۇنىڭغا قاراپ:

— ئوغلىمىزنىڭ ئېتىنى نېمە قويىمىز؟ — دېدى.

خۇشئەخمەت سەل ئويلىنىۋېلىپ شۇنداق دېدى:

— «ساردىن لېچىن تۇغۇلىدۇ» دەپتىكەن، قارىغاندا
ئۇ نوچى بولغۇدەك. بىزدەك ياۋاش ئادەمدىن ئاشۇنداق بىر
نوچى تۇغۇلغىنى ئۈچۈن ئېتىنى «سادىر» دەپ قويايلى...

# خىسلەتلىك بالا

سادىر ئون ياشقا كىرگۈچە ئاتىسى ھاشار، ئالۋان، تېرىقچىلىق ئىشلىرىدىن ئارا بولالمىغانلىقتىن، ئانىسى را- بىيخان بىلەن ھويلا - ئارام ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشتى. كۆندىلىك ئوتۇن - چاۋارلارنى يىغىش، ئەكېلىشنى ئۆز زىممىسىگە ئالدى.

نامرات ئائىلىنىڭ ئېغىر تۇرمۇش شارائىتىدا سادىر ئون ئىككى ياشقىمۇ كىردى. بۇ ئون ئىككى يىل سادىرنى چىداملىق، ئەقىللىق، شوخ ۋە پۇختا ئادەم قىلىپ يېتىش- تۈرگەندى. سادىردىكى بۇ خۇسۇسىيەت ئۇنىڭ ھەرقانداق كىشىنى قايىل قىلىدىغان ئوت يۈرەكلىكى، ئەمگەكچانلىقى، دوستلىرى بىلەن خۇش مۇئامىلىلىكى ۋە ھەرقانداق ئىشتىن تارتىنماسلىقى بىلەن ئىپادىلىنەتتى.

ئۇ بالا چېغىدىلا ئاتا - ئانىسىدىن ھەم مەھەللىدىكى بوۋاي - مومايلاردىن نۇرغۇن ھېكايە، چۆچەك، قوشاق ۋە تېپىشماقلارنى ئاڭلاپ يادلىۋالغانىدى. كېيىنچە ئۇ قوۋۇز، نەي، دۇتار، راۋاب قاتارلىق سازلارنى ئۆگەندى ۋە ئۇستا ناخشىچى بولۇشقىمۇ ئۈلگۈردى. ئۇ بوش ۋاقىتلىرىدا پادا بېقىش، ئوتۇن ئەكېلىش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆگىنىشتىن ۋە ئىشتىن زادىلا زېرىكمەيتتى.

خۇشئەخمەت ئوغلى سادىرنى تولىمۇ ياخشى كۆرەتتى. چۈنكى دارخانلىق تۈزۈمىنىڭ ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيىسى تۇ- پەيلى، ئۇ كۆپ بالىلىق بۇ ئائىلىنى بېقىشتا تازا قىينالغان بۇ ۋاقىتتا، سادىر ئۆزىنىڭ كىچىك بولۇشىغا قارىماي پادا بېقىپ ئاتىسىنىڭ يۈكىنى ئاز بولسىمۇ يېنىكلەتكەنىدى.

ئۇ پادا بېقىپ ئىككى يىل بولار ـ بولمايلا پادىچىلار ئارىسىدا «ناخشىچى»، «قوشاقچى»، «ئوغلاقچى» دېگەن نا- مى چىقتى، پادىچىلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشقا باشلىدى. توختى، ئىسمايىل، گايىت، قەيسەر، ئابدۇرۇ- سۇل قاتارلىقلار شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىدى- غان پادىچى دوستلىرى ئىدى.

بۇ كۆچۇم مەھەللە قۇياش چىقماي تۇرۇپلا جانلىنىشقا باشلايتتى. ئىشىك ـ دەرۋازىلارنىڭ ئېچىلغىنى، موزىيى كېچىدىن بېرى ئايرىپ قويۇلغان سېغىن كالىلارنىڭ مۆرد- شى، قايسىبىر قورۇدىن ئىتنىڭ ھاۋشىشى ئاڭلىناتتى. تۇرخۇنلاردىن مەڭگەنىنىڭ ئاقۇچ ئىسى ئۆرلەپ تۇراتتى. يا- لاڭ ئاياغ قىزلار مەھەللىنى ئۇزۇنسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئېرىقتىن قاپاق ياكى سوغىدا سەھەرنىڭ سوغۇق ۋە تازا سۈيىنى ئۆيلىرىگە توشۇشاتتى.

گۈزەل ئابرال ئۇستىدە قۇياشنىڭ يېرىمى قىزىرىپ كۆرۈنگەندە مەھەللىنىڭ پادىچىسى سادىر قورۇدىن سېغىن كالىسىنى ھەيدەپ چىقاتتى ـ دە، پۈتۈن مەھەللە ئاڭلىغۇدەك قىلىپ:

— ھەيدە پادا كالاڭنى! — دەپ ۋارقىرايتتى.

بۇ مەھەللىدە يالغۇز سادىرلا ئەمەس، ئۇنىڭ دوستلىرى ئابدۇرۇسۇل، ھەيدەر، قەيسەرلەرمۇ پادىچى ئىدى. سادىر

پادىنى ھەر كۈنى ئۇلاردىن بالدۇر ھەيدەپ چىقاتتى. سادىر پادىنى ئوتقا قويۇۋېتىپ، يېشىل چۆپ ئۈستىدە سوزۇلۇپ يېتىپ، كۆپكۆك ئاسمانغا قاراپ خىيال سۈرۈۋاتقاندا، باشقىلار پادىلىرىنى ھەيدەپ مەھەللىدىن چىقاتتى ـ دە، پادىسىنى بەزىدە ئۇنىڭ پادىسىغا قوشۇپ باقاتتى. بەزىدە باشقا جايلارغا ھەيدەپ كېتەتتى. ئۇلارنىڭ كېيىنكى ئىشلىرىنى سادىر ياقتۇرمايتتى. چۈنكى سادىر پادىنى دائىم ئوت ـ چۆپى ياخشى يەردە باقاتتى. ئۇلارمۇ شۇنداق قىلسا، پادىلىرىنى سادىرنىڭ پادىسىغا قوشۇپ، مال ئاسان تويىدىغان يەرلەردە باقسا بولمامدۇ؟ خۇدانىڭ چۆپى كۆپقۇ ۋە كۈندە ئۆسۈپ تۇرىدۇغۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە يالغۇز بېقىشمۇ زېرىكىشلىك. يۇقىرىقىدەك ئويلىغان سادىر ئاخشام پادىچى دوستلىرىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بۇنىڭدىن كېيىن پادىلارنى بىر يەردە باقايلى، دەپ ئېيتقانىدى. ئۇلار ماقۇل بولۇشتى ۋە بۈگۈن سەھەردىلا بەلگە قىلىنغان ئوتلاقتا ئۇچراشتى. . .

كالىلار ھوزۇرلىنىپ ئوتلاۋاتاتتى. پادىچى دوستلار — سادىر، ئابدۇرۇسۇل، ھەيدەر، قەيسەرلەر بىر يەردە يىغىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. سادىر كۆكتە قاتارلىشىپ ئۇچۇۋاتقان تۇرنىلارنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، بالىلارچە ھەۋەس ۋە قىزىقىش بىلەن ئېيتتى:

— ئاغىنىلەر، قاراڭلار ئاسمانغا! تۇرنا نېمىدېگەن ئەقىللىق قۇش ـ ھە؟! تىزىلىپ ئۇچۇشىنى قاراڭلار! ئادەملەر چېغىدىمۇ مۇنداق رەتلىك تىزىلىپ ماڭالمايدۇ.

— ھەممە جانىۋارنىڭ پادىشاھى بار دەيدىكەن، بەلكى بۇ تۇرنىلارنىڭ پادىشاھى ئۇلارنى ئاشۇنداق تىزىلىپ ئۇچۇشقا

ئۆگەتكەندۇ، — دېدى ئابدۇرۇسۇل.
ھەممەيلەن كۆككە قاراپ ئولتۇرۇشاتتى، قەيسەر مۇڭ-داق دېدى:
— سادىر ئاداش، تۇرنىلار قانداق سايرايدۇ؟ دوراپ بەرگىنە!
— بىلمەيمەن تۇرنىنىڭ قانداق سايرايدىغىنىنى، — دېدى سادىر تۇرنىلاردىن كۆز ئۈزمەي.
— سەن سايرىشىنى دورىيالمايدىغان قۇشمۇ بارمۇ؟
— ئۇنداق يالغان سۆزلىمەي دوراپ بېرە ئۇنىڭ سايرى-شىنى.
— شۇنداق قىلە.
— دورىغىنا، سادىر.
— بولمىسا باشقا قۇشلارنىڭ سايرىشىنى دوراپ بەر-گىن.
سادىر كېيىنكى تەكلىپنى قوبۇل قىلغاندەك:
— ماقۇل، — دېدى - دە، ئورنىدىن تۇردى، — سىلەر ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار، مەن كالىلارنى ياندۇرۇۋېتىپ كېلەي.
سادىر پىخىلداپ يۈگۈرۈپ يىراق كەتكەن كالىلارنى توسۇپ قايتۇرۇپ قويۇپ، قايتىپ كەلدى ۋە دوستلىرىنىڭ تەلەپلىرى بويىچە كاككۇك، بۇلبۇللارنىڭ سايرىشىنى دوراپ بەردى.
سادىرنىڭ ئاۋازى كىچىكىدىنلا ساز ئىدى. كىچىكىدە ئۆزى توقۇغان ناخشىلارنى ئېيتىپ يۈرگەن سادىر كېيىنچە

قۇشلارنىڭ سايرىشىنى دورىيالايدىغان بولدى، ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ سايرىشىنىمۇ ئۇگىنىۋالدى. ئۇ قوناق شېخىدا، تومراق چىۋىقلاردا ئۆزىچە ساز ياساپ چېلىپمۇ ئوينايتتى. چوڭلارنى دوراپ ناخشىمۇ ئېيتاتتى. ئۇ بۇگۇن زىل، يېقىملىق ئاۋازى بىلەن دوستلىرىنىڭ كۆڭلىنى ئاچتى...

ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان سادىر بىر توپ چۇمۇلىنىڭ بىر دۆنى ئارىغا ئېلىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ ئويلىنىپ قالدى. دۆ شۇنچە چوڭ، چۇمۇلە شۇنچە كىچىك، لېكىن بىرنەچچە چۇمۇلە بىرلەشسە دۆگە كۆچى يېتىدىكەن. ئۇ بۇ هالغا قىزىقتى. دۆ چۇمۇلىلەرگە هۇرپىيەتتى. گويا ئۇلارنى يەيدىغاندەك ئەلپازدا كۆرۈنەتتى. ئەمما چۇمۇلىلەر قورقۇپمۇ قويمايتتى دۆنى چىشلەپ تارتىشاتتى. قورققان دۆ تۇگۇلۇۋالدى، چۇمۇلىلەر ئۇنى دومىلىتىشتى. بۇ قىزىق كۆرۈنۈشتىن سادىر كۇلۇپ كەتتى.

— قاراڭلار بالىلار، قاراڭلار، — دېدى هاياجانلانغان سادىر، — چۇمۇلىلەر كىچىككىنە تۇرۇپمۇ بىر دۆنى قورقۇتتى.

باشقىلارمۇ بۇ قىزىق ئويۇنغا قاراشتى، كۇلۇشتى. ئابدۇرۇسۇل ئويلىنىپ تۇرۇپ ئېيتتى:

— چۇمۇلە كىچىك بولغىنى بىلەن كۆپ هەم ئۆم - دە، بىزمۇ ئاشۇنداق ئۆملەشسەك يوغان ئادەملەرگىمۇ كۆچەمىز يېتىدۇ.

كۆڭلىدىكىدەك گەپنىڭ ئېيتىلغىنىغا خۇشال بولغان

سادىر دەرھال ئورنىدىن تۇردى ـ دە:

— ئۇنداق بولسا، بىزمۇ «ئاداش» بولايلى، بولامدۇ؟ كىم بىزنى بوزەك ئەتسە بىر بولۇپ جاجىسىنى بېرەيلى، — دېدى. سادىر ئوڭ قولىنىڭ چىمەلتىكىنى چىقاردى. باشقىلارمۇ شۇنداق قىلىشتى ۋە چىمەلتەكلىرىنى گىرەلەشتۈرۈشتى. سادىر تۆۋەندىكى قوشاقنى ئېيتتى، باشقىلار تەكرارلاشتى:

ئاداش، ئاداش بولايلى،
بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى.
بىزنى كىم بوزەك ئەتسە،
جاجىسىنى بېرەيلى.

# كىچىك ناخشىچىنىڭ غەزىپى

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلدۈرماما گۈلدۈرلەپ يامغۇر تامچىلاشقا باشلىدى. بۇ كۈنى سەھەردە سادىر ئۈنلۈك ۋارقىرىمايلا مەھەللىدىن پادىسىنى ئاچىقىپ ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، دائىم ئۆزى ئولتۇرىدىغان قورام تاشقا كېلىپ ئولتۇردى. يالغۇزلۇق سادىرنى تېزلا زېرىكتۈرۈپ قويدى. «نېمە قىلىش كېرەك» دەپ پىچىرلايتتى ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە ئىچى تىت ـ تىت بولۇپ. ئاخىرى ناخشا ئېيتماقچى بولدى ۋە ئۇنىنى قويۇۋېتىپ «ۋادەرىخا»نى باشلىۋەتتى. ئۇنىڭ ناخشىسى جاراڭلىغىنىچە، يىراق ـ يىراقلارغا ئاڭلانماقتا ئىدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇنىڭ پادىچى دوستلىرى كېلىشتى ـ دە:

— بىز سېنى بۈگۈن پادا يىغمىغان ئوخشايدۇ، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىمىدۇق، پادىمىزنى سولىۋېتەيلى دەپ تۇرساق ناخشاڭ ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن. . . ، — دېيىشتى تەڭلا چۇرقىرىشىپ.

— مەن تېخى سىلەرنى يامغۇردا چىقمايدۇ دەپ ئۆزۈم يالغۇز چىققان، — دېدى سادىر.

— سەن بولمىساڭ بىز زېرىكمەيمىزمۇ؟ — دېدى بىر ئاغىنىسى ئارقىدىنلا.

— توغرا، ئاغىنە دېگەن شۇنداق بولۇشى كېرەك. «پادا

باققاندا دوست ئىدۇق، ياڭاق چاققاندا ئايرىلدۇق» دېگەندەك
بولمىساقلا بولدى، — دېدى سادىر كۈلۈپ.

ئۇلار ئۆز پادىلىرىدىكى يۈگۈرۈك تورپاقلارنى مىنىشىپ
ئوغلاق تارتىش ئويۇنىغا چۈشۈپ كېتىشتى. بۇ ئويۇن ئۇس-
تىگە كۈتۈلمىگەندە سادىر مىنگەن تورپاقنىڭ ئىگىسى مول-
لىتوختىيۇز بېگى كېلىپ قالدى - دە، «تورپاقنى تەرلىتى-
ۋېتىپسەن» دېگەن باھانە بىلەن سادىرنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇۋەت-
تى. تاياق زەربىسىدىن ئۇنىڭ ئۇستىۋېشى قانغا بويالدى،
لېكىن ئۇنىڭدىن ھېچقانداق نالە ئاۋازى چىقمىدى. موللى-
توختىيۇز بېگى ئۇنى «ئۆلۈپ قالدىمىكىن» دەپ ئۇرۇشتىن
توختاپ:

— بۇ شۇمتەككە قالغىنىنى مەھەللىگە بارغاندا كۆرسەت-
مىسەم، — دېگىنىچە كېتىپ قالدى.

ئاغىنىلەر ئۆز جانلىرىنى ھەر ياقلارغا ئېلىپ قېچىش-
قاچقا، يېقىن ئەتراپتا ئۇلارنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.
قىزىل قانغا بويىلىپ ياتقان سادىر تۇيۇقسىز يەنە يىراقتىن
«تۈلكە» دەپ ۋارقىراشقان مانجۇ ئەمەلدارلىرىنىڭ ئاۋازى
بىلەن بىللە، ئېتىلىپ كەلگەن چوڭ بىر بۈركۈتنىڭ ھۇجۇ-
مىغا دۇچ كەلدى. بۈركۈت سادىرنى قۇۋۋەتلىك بارماقلىرى
بىلەن قاماللاپ چوقۇماقتا ئىدى. سادىر جان ئاچچىقىدا ئوڭ
قولى بىلەن تىنىمسىز ھەرىكەتلىنىۋاتقان بۈركۈت قانىتىنى
قاماللاپ، سول قولىدا كارنىيىنى بوغۇشقا باشلىدى.

ئۇۋچى ئەمەلدارلار ئات چاپتۇرۇپ كەلگەندە سادىر ئۆ-
لۈك بۈركۈتنىڭ قانىتى ئاستىدا ھالسىراپ ياتاتتى. مانجۇ
ئەمەلدارلىرى سادىرنى «بۈركۈتنى ئۆلتۈردۈڭ» دەپ ھەدەپ
قامچىلاشقا باشلىدى. سادىر كۆز چاناقلىرى ئەتراپىدىن قان

ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي، چىداشلىق بېرىپ كۆزىنى ئاچتى ۋە ئۆزىگە دىۋىنىپ تۇرغان غەلىتە ئادەملەرنى كۆردى. ئۇنىڭ ئالدىدا مانجۇ خانلىقىنىڭ يېشىل مونچاق تاقىغان ھاكىم دەرىجىلىك ئوتوغات بىلەن جىگەر رەڭ تاۋاردىن قېلىن تون كىيگەن سىم ساقال ئەمەلدارى ۋە شۇ شەكىلدە كىيىنگەن، مارجان ئىسىلغان قالپاق كىيگەنلەردىن بىرنەچچىسى تۇراتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم ھوشىنى يىغىپ كۆزىنى ئاچقىنىدا بايىقى ناتونۇش گەۋدىلەر ئۇنىڭدىن خېلىلا يىراقلىشىپ كەتكەنىدى. لېكىن ئۇلار موللىتوختىيۇزبېگىنىڭ سۇتلۇك ئالا كالىسىنى ئالدىغا سېلىپ ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى.

شۇ كۈندىكى خورلۇق ۋە ئەلەم سادىرنىڭ يۇمران قەلبىنى ئۆرتەپ، ئۇنتۇلغۇسىز ئىز قالدۇرۇپ ئۆتتى.

ئارىدىن يىل ئۆتۈپ، سادىر ئون ئۈچ ياشقا قەدەم قويدى. ئۇنىڭ ئائىلىسى تېخىمۇ ئېغىر كۈنلەردە قالدى. موللىتوختىيۇزبېگى ئالا كالىسى ۋە تورپىقىنىڭ «ئوغلاق» تا تەرلىگەن ھەققى ئۈچۈن سادىرنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى ئىككى يىل ھەقسىز ئىشلەشكە بۇيرۇدى.

# چېنىقىش

— دادا، مەن بۇ ناھەقچىلىكلەرگە زادىلا چىدىيالمايۋاتىمەن.

— سەن تېخى بالا، تەلۋىلىك قىلما، زالىملارنىڭ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق ئۇرىدىغان مابالڭ[1] تاياقلىرىدىن سېنى خۇدايىم ساقلىسۇن.

سادىر دادىسى ئېيتقان مابالڭ تايىقى ھەققىدىكى خىيالدىن ئېسىنى يىغىپ ياتقان يېرىدىن دەس تۇردى ـ دە، پادا تايىقىنى قولىغا ئالدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە: «قېنى، مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ پادا تايىقى بىلەن ئۇرۇپ بىر سىناپ باقاي» دېدى ۋە خۇددى شۇ تاپنىڭ ئۆزىدە مانجۇ چېرىكلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ مابالڭ بىلەن ئۇرۇۋاتقاندەك مەنزىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، چىشىنى مەھكەم چىشلەپ، ئۆزىنى پادا تايىقى بىلەن ئۇرۇشقا تەمشىلىپ تۇرۇشىغا ئارقىسىدىن بىرى كېلىپ ئۇنىڭ كۆزىنى ئېتىۋالدى. سادىر يۇلقۇنۇپ بېقىپمۇ ئارقىسىدىكى ئادەمدىن قۇتۇلالمىغاندىن كېيىن، بۇ نامەلۇم كىشىنى پادا تايىقى بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋېدى، بىردىنلا پاراقىدە كۈلۈشكەن ئاۋاز چىقتى ـ دە، ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئېتىپ تۇرغان قول بوشىدى. سادىر كۆزىنى ئۇۋۇلاپ ئې-

---

① مابالڭ — مەنچىڭ چېرىكلىرىنىڭ ئادەم ئۇرىدىغان كالتىكى.

چىپ، ئالدىدا تۇرغان پادىچى ئاغىنىلىرىنى كۆردى.
— بۇگۈنمۇ سەندىن كېيىن قاپتۇق ـ دە، — دېدى ئابدۇرۇسۇل.
— تۈنۈگۈن كېچە ئۆيۈڭگە قايتماي ھېۋىزەم بىلەن مۇشۇ دالادا تۈنىدىڭمۇ ـ يا! — دېدى ھەيدەر.
بۇ چاقچاقتىن باللار «ھا...ھا...ھا» دېيىشىپ بىر ھازا كۈلۈشتى. ئەمما سادىر كۈلمىدى. ھەيدەر سادىر-نىڭ غەش كۆڭلىنى ئالماقچى بولۇپ، يېنىدىن ئۆزى ياسى-ۋالغان نېيىنى چىقىرىپ:
— ئاداش، ماۋۇ نەينى بىر چالاي، ئاخشامقى ئويۇنغاندـ لىرىڭنى ئەسلىگەچ «دەردىڭ يامان»نى بىر كەلتۈرمەمسەن، — دېدى.
سادىر ئېغىشىپ، يەرگە چۈشۈپ كەتكەن پادا تايىقىنى ئالدى. ئۇنىڭ رەڭگى ئۆچكەنىدى.
— سىلەرنىڭزە، — دېدى سادىر ئاغىنىلىرىگە مەنىلىك قاراپ، — خىيالىڭلارغا ئويۇندىن باشقا نەرسە كىرمەمدۇ؟
— نېمە بولدۇڭ، ئاداش؟ — جىددىي سورىدى باللار.
— ھېچنېمە بولمىدىم... مېنى تاياق بىلەن ئۇرۇڭلار!
سادىر قولىدىكى تاياقنى ئۇلارغا سۇندى. ئاغىنىلىرى تېگىرقىغىنىدىن نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قېلىش-تى. سادىر ھەربىر ئاغىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قولىدىكى تاياقنى سۇنۇپ:
— بۇنىڭ بىلەن مېنى نۆۋەتلىشىپ ئۇرۇڭلار، قېنى قايسىڭلار بۇرۇن ئۇرىسىلەر، مەن بۇ يەردە سوزۇلۇپ يېتىپ بېرىمەن، — دەيتتى.
— سادىر ئاداش، سەن زادى نېمە بولدۇڭ بۈگۈن؟ بىز

— بىر - بىرىمىزنى ئۇرىمىز دەپ ئاغىنە بولۇشقانمىدۇق؟! — ھەيدەر ئۇرۇشتىن باش تارتتى. قەيسەرمۇ كەينىگە داجىدى.
— سەن بىزگە يامانلىق قىلمىساڭ نېمىدەپ ئۇرىمىز؟ — دېدى ئابدۇرۇسۇل ئەجەبلىنىپ.
— راست، سىلەر ماڭا يامانلىق قىلمىدىڭلار... ئەمما ئاتا - ئانىمىز بەگ - خوجاملارنىڭ ئالۋىنىدىن باش كۆتۈرەلمىسە، بىزنىڭ كۈنىمىز ئۇلارنىڭ مېلىنى بېقىش بىلەن ئۆتسە، يەنە تېخى بېشىمىزدىن تىل - ھاقارەت، تاياق - توقماق كەتمىسە، بۇنىڭغا ۋىجدانىڭلار قايىلمامدۇ؟ مېنىڭ قېنىم قىزىق... مۇبادا ئۇلار مېنى بوزەك ئەتسە چىداپ تۇرالمايمەن. قولىغا چۈشۈپ قالسام ماباڭ كالتەكلىرى بار دەيدۇ. شۇنىڭغا چىدايدىغان بولۇش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۆزۈمنى مۇشۇ پادا تايىقى بىلەن ئۇرۇپ چېنىقاي دەيمەن.
قەيسەرنىڭ كۆزىدىن ياش ئەگىدى. ھەيدەرمۇ چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى. ئاغىنىلەر ئويلىنىپ قېلىشتى.
— خوش، ئەمدىغۇ ئۇرارسىلەر!
— ھەر ھالدا مەن ئۆز دوستىنى ئۇرىدىغانلاردىن ئەمەس.
— مەنمۇ شۇ.
— مەنمۇ.
شۇنداق قىلىپ بالىلارنىڭ ھەممىسى چەتكە چىقىشتى.
سادىر خاپا بولغىنىدىن بوغۇلۇپ كەتتى. چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، يۈزى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. ئاغىنىلىرى ئۇنىڭ بەستلىك گەۋدىسىگە قاراپ تۇراتتى. ئۇ ئاچچىقىدا تاياقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئالدىدا تۇرغان ھەيدەرنىڭ يانپىشىغا پاققىدە بىرنى قويدى.

— سەنلەر ئاغىنىدارچىلىق قىلىپ ئۇرۇشمىساڭ مەن ئۇرىمەن، — دەپ ھەممىنى سۈرۈپ ئۇرۇشقا باشلىدى. سادىرنىڭ تايىقى جىنىدىن ئۆتكەن ئاغىنىلەرنىڭ راسا ئاچچىقى كەلدى. دىمىسىمۇ ھىچ گەپتىن ھىچ گەپ يوق ئۇلارنى سۈر - توقاي قىلغىنى نىمىسى؟...

— ھۇ سىنى... قىنى ئاغىنىلەر، ھەممىمىز بىراقلا يوپۇرۇلايلى! ئەمدى ئۇرۇشنى بىزدىن كۆرسۇن!

باللار تەڭلا يوپۇرۇلۇپ بىرىپ، سادىرنى خام باس قىلدى - دە، پادا تاياقلىرى بىلەن يانپىشىغا راسا ئۇرۇشقا باشلىدى.

سادىر ئالدىدىكى ئىككى تاشقا قولىنى تىرەپ پۈتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ دۈم ياتاتتى. ئۇنىڭغا تاياق بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىگەتتى. ئۇ ۋايىساشنىڭ ئورنىغا: «بۇ دىگەن مۇھىم سىناق» دەپ ئويلايتتى. تاياق تەگكەن يەرلەر ئىچىشىپ ئاغرىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇ ھەربىر تاياق تەگكەندە ئۆزىگە مەدەت بىرىپ:

«چىدا، سادىر، چىدا!... ئاغىنىلىرىڭنىڭ تايىقىغا چىدىمىساڭ چىرىكلەرنىڭ ماباڭ تاياقلىرىغا قانداق چىدايسەن؟» دەپ چىشىنى چىشىغا بىسىپ پىچىرلايتتى.

# تەڭسىزلىكتىن تۇغۇلغان ئويلار

خۇشئەخمەت ئائىلىسىدىكىلەر چىچەك بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن قازا تاپقان ئىگەمبەردى بىلەن مايسىخاننى بىرلا ۋاقىتتا دەپنە قىلىۋاتقان كۈنى موللىتوختىيۇزبېگى خۇپسەنـلىك بىلەن سادىرنى پادا بېقىشقا بۇيرۇپ ئادەم ئەۋەتتى. هازا ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن بۇ خەۋەر هازىدارلارنىڭ، بولۇپمۇ سادىرنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلاندى. ئۇ خەۋەرچىنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدە ئاسلاننى بوغقاندەك بوغۇۋەتمەكچى بولدىيۇ، يەنە ئۆزىگە هاي بەردى. ئۇ كۆڭلىدىن «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دېگەنلەرنى ئۆتكۈزدى ـ دە، خەۋەرچىگە غەزەپ بىلەن قاراپ:

— بەگ ئاتاڭغا ئېيتىپ قوي! چامغۇر كۆمۈۋاتقىنىم يوق، ئادەم كۆمۈۋاتىمەن دەيدۇ، دەپ ئېيت! — دېدى. ئۇنىڭغىچە خۇشئەخمەت ۋە جامائەت خەۋەرچىنى بىرنېمىلەر دەپ يولغا سالدى.

بۇ بىر قاتار پاجىئەلەر سادىرنىڭ مىجەزىنىمۇ ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇ كەم سۆز، تېخىمۇ دەردمەن بىر ياشقا ئايلاندى. ئۇنىڭ ياشانغان دادىسى ئېتىز ـ ئېرىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانسا، ئۆزى پادا بېقىش بىلەن مەشغۇل بولدى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە «موللىتوختىيۇزبېگى ئارائۆستەڭ مەھەللىسىدىن خەلپەت تەكلىپ قىلىپتۇ» دېگەن خەۋەر

موللىتوختىيوزى ۋە باشقا كەنتكە تارقالدى. ئارقىدىنلا «خەلپەت يۇرت مۆتىۋەرلىرىنىڭ پەرزەنتلىرىنىڭ ئاغزىغا ئى-لىم سالىدىكەن» دېگەن سۆز تارقالدى. مەكتەپ ھەققىدە پادىچىلار ئوتتۇرىسىدا بولۇنغان «يېتىمغا يۆتەلنىڭ نېمە ئې-شى»، «كارنايغا يوق، سۇنايغا نەدە؟» دېگەن سۆزلەرنى سادىر باشقىچىرەك ئويلىدى ۋە ئۇلارغا:

— ئاغىنىلەر، «ئالۋاننى كىم تۆلەيدۇ — گالۋاڭ!» دېگەننى ئاڭلىغانمۇ؟ دەل شۇ گالۋاڭ ھەم گاراڭلار — بىز. بىزدىن دانىشمەن چىقماسمۇ. ئۇ نان قېپىلارنىڭ بىرى ناي-ناق، بىرى مايماق، بىرى ماڭقا، بىرى دەلدۈش، ئۇلارنى مەكتەپ ئېچىپ ئوقۇتۇپ نېمە قىلماقچى، بىلەمسىلەر؟ بىز-دىن ئالۋان ئالىدىغان كىچىك بەگ قىلىپ تەييارلىماقچى. ئۇلارغا قارىغاندا بىزنىڭ ئەقىل - ھوشىمىز جايىدا. گالۋاڭ - گاراڭ بولماسلىقنىڭ يولىنى بىزمۇ تاپساق دەيمەن، — دېدى.

شۇنىڭدىن باشلاپ سادىرنىڭ پادىچى دوستلىرى ئۇنىڭ نان خالتىسىدا داۋاملىق باغلاقلىق تۇرىدىغان، قارا كۇيىدە خەت يېزىلغان ئاتنىڭ تارغاق سۆڭىكىنى ئۇچرىتىدىغان بول-دى. ئۇ پادىلارنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ، ھەر كۈنى بىر ئاش پىشىم ۋاقىتقىچە يوقىلىپ كېتەتتى.

پادىچىلار بۇنىڭ سىرىنى بىلەلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە سادىر باللارنىڭ يېنىغا روھى كۆتۈرۈلگەن، خۇشال ھالدا يېتىپ كەلدى. بۇ ئۇنىڭدا كۆرۈلمىگەن ئەھۋال ئىدى.

پادىچىلار ئۇنىڭدىن كىشىلەرگە ياخشىلىق قىلىپ ھارمايدى-
غان «ھاتەم» ، جەڭگى قىلىپ يېڭىلمەيدىغان «رۇستەم» رىۋا-
يەتلىرىنى ئاڭلىدى. سادىر بۇ ھېكايىلەرنى ئارائۆستەڭلىك
خەلپەتتىن ئاڭلىغانلىقىنى، ئۇنىڭ دەرسىنى ئىشىك يوچۇ-
قىدىن ئاڭلىۋالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ مەكتەپ بالىلى-
رى جاۋاب بېرەلمىگەن بىر سوئالغا سىرتتا تۇرۇپ توغرا
جاۋاب بېرىپ خەلپەتنى ھەيران قالدۇرغانىدى.

# چىرىكلەرنىڭ دەردى ئۆتتى

بىر كۈنى پادىچى بالىلار بېقىۋاتقان تورپاقتىن بىرى تۇيۇقسىز بىر قىستاڭغا چۈشۈپ كېتىپ چىقالماي قالدى. ئۇلار ئارقانلىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ، تورپاقنى تارتماقچى بولغاندا ئارقان ئۈزۈلۈپ كەتتى.

— ئارقاننى ئىككى قات قىلىڭلار، — دەپ ۋارقىرىدى سادىر ئۇلارغا.

— ئىككى قات قىلساق قانداق يېتىدۇ؟ — دېيىشتى ئۇلار ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ.

— يەتمىگەن يېرىگە مەن ئۆزۈمنى ئۇلايمەن، - دېدى سادىر قىستاڭغا سەكرەپ چۈشۈپ.

ئۇ تورپاقنى ئۆز بويى بىلەن تەڭ كۆتۈرۈۋېدى، ئاغىنىلەر تورپاقنى ئارقان بىلەن تارتىپ چىقىرىۋالدى. سادىردىكى بۇ كۈچتۈڭگۈرلۈكنىڭ سىرىنى پادىچىلارنىڭ كۆپىنچىسى بىلمەيتتى.

ئۇنىڭغا تولىراق زەن قويۇپ كېلىۋاتقان ئابدۇرۇسۇل ئىككى يىلدىن بېرى ئۇنىڭ يېڭى تۇغۇلغان موزايىنى ھەر كۈنى كۆتۈرۈپ چېنىقىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، پادىچى بالىلارنىڭ سادىرغا بولغان قايىللىقى تېخىمۇ ئاشتى.

1813 - يىل باھار ئايلىرى ئىدى. موللىتوختىيۇزىدە

باشقا يىللارغا قارىغاندا چېرىكلەر ھەسسىلەپ كۆپىيىپ كەتتى. ئۇلار «سېلىق يىغقۇچىلار»، «ھاشارغا ھەيدىگۇچىلەر»، «تۇغانغا قارىغۇچىلار» دېگەن ھەر خىل ناملاردا ئاتالغانلار بولۇپ، موللاتوختىيۇزبېگىنىڭ قورۇسىدىن نېرى كەتمەيتتى. بەگنىڭ دورغا، يايلىرى بىگۇناھ پۇقرالارنى مەجبۇرىي ئىشلىتىپ، تىل - ئاھانەت، تاياق - توقماق ئاستىغا ئالسا، چېرىكلەر مىلتىقنى دېۋەيلەپ، سەللا باش تارتقاننى گۇندىپايلارغا تاپشۇرىدىغان بولۇۋالدى. ئۇلار تەپ تارتماستىن دېھقانلارنىڭ ئۆيىگە باستۇرۇپ كىرىپ، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشتى، خوتۇن - قىزلارغا يامان نىيەتتە بولۇشتى.

دەل شۇ كۈنلەردە، موللىتوختىيۇزىدە بالا ئوقۇتۇۋاتقان خەلپەتنىڭ ئارائۆستەڭدە توي قىلىشقا قۇربى يەتمەي يېشى ئۆتۈپ كەتكەن قىز - يىگىتلەرنى بىر جايغا يىغىپ، نىكاھ ئوقۇپ، جۈپلەپ قويغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر تارقالدى. موللىتوختىيۇزىدىكىلەر بۇنى ئاڭلاپ دورغا، چېرىكلەرنىڭ پەس نەزىرىدىن پەرزەنتلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن قۇرامىغا يەتكەن ئوغۇل - قىزلىرىنى نىكاھ ئوقۇتۇپ چېتىپ قويۇشتى. بۇ ۋاقىتتا ئەمەلدار، چېرىكلەرنىڭ ئەشەددىيلىكى شۇ دەرىجىگە بېرىپ يەتكەنىدىكى، ئۇلار بىگۇناھ پۇقرالارنى خورلاپ، تۆت پۇتلۇق قىلىپ قويۇپ، ئۈستىدە ئولتۇرۇپ تاماكا چېكەتتى، كۈلىنى ئۇلارنىڭ بېشىغا قاقاتتى. پۇقرالار ئۆز ئۆيلىرىگىمۇ ئىگە بولالمايتتى.

باللار شۇ مەزگىلدە مۇنداق قوشاق توقۇغانىدى:

— دۇم - دۇم،
— لەببەي، لەببەي.

— ئاتاڭ ـ ئاناڭ قېنى؟
— ئەسكى سامانلىقتا.
— نېمە قىلىۋاتىدۇ؟
— ئاش ئېتىۋاتىدۇ.
— ماڭا قېنى؟
— قاغا چوقۇلاپ كەتتى.
— بار، قاغىنى تۇتۇپ كەل،
— پېرىمنى ئۈزۈك يە،
— پېرىمنى ماڭا بەر.

# ھېۋىزىخاننى قۇتقۇزۇش

شۇ كۈنلەردە سادىر بىر ۋەقەگە دۇچ كەلدى. خۇشئەخ-
مەتنىڭ قىيامەتلىك قوشنىسى سادىق يالغۇز قىزى ھېۋىزد-
خان بىلەن بىر ئۆيدە تۇراتتى. ھەر ئىككىلا ئاتا ھاشارغا
كەتكەن بىر كۈنى ئاخشىمى قوشنا ھويلىدىن ھېۋىزىخاننىڭ
قارشىلىق بىلدۈرۈپ تىللاشلىرى، ئارقىدىنلا «ۋايجان» دې-
گەن ئازابلىق ئاۋازى ئاڭلاندى. پادىلارنى ئۆي - ئۆيىگە
تارقىتىپ بولۇپ، تامىقىنى يەپ ئەمدىلا يېتىش تەييارلىقىنى
قىلىۋاتقان سادىر بۇ ئاۋازدىن چۆچۈپ كەتتى - دە، قوشنا
ھويلىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئىككى چېرىكنىڭ ھېۋد-
زىخاننى ھەدەپ سۆرەۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇلارنىڭ يېنىدا
بەگنىڭ يايىسىدىن بىرى بولۇپ، چېرىكلەرگە خۇشامەتكوي-
لۇق بىلەن خالىي ئورۇننى ئىشارەت قىلىۋاتاتتى. سادىر
بۇنى كۆرۈپ غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ يايىنىڭ گېلىنى چۇجد-
نىڭ گېلىنى بوغقاندەك بوغۇپ ئۇلتۇرغۇزۇپ قويدى. ئاد-
دىن چېرىكلەرگە ئېتىلىپ باردى. چېرىكلەر دەرھال ھېۋد-
زىخاننى قويۇپ بېرىپ، سادىرغا قورۇق ھەيۋە كۆرسىتىۋاتد-
قاندا، كىچە جىمجىتلىقىنى بۇزغان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ،

قولۇم ـ قوشنىلار ھازىر بولۇشتى. ئەپتى ـ بەشىرىسى ئاشكارىلانغان بۇ شەرمەندىلەر غىلىڭ ـ پىلىڭ قىلماستىن غايىب بولۇشتى.

سادىر بۇ ئىشلاردىن تېخىمۇ غەزەپلەندى. ئۇ غەزىپىنى كۆچكە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن پادىچىلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان چالما ـ كېسەك ئويۇنى، سالغا ئېتىش، تاغقا يۈگۈرۈش، تاش كۆتۈرۈش، چېلىشىش قاتارلىق ئويۇنلارنى ئويناپ ئۆزىنى تېخىمۇ تاۋلىدى.

# تۈنۈگۈن

بىر كۈنى سادىر بالىلار بىلەن پادا باققاچ ھەر خىل ئويۇنلارنى ئوينىشىۋاتاتتى. بىر چاغدا قەيسەر ئۈشتۈمتۈت ۋارقىرىدى:

— قاراڭلار، چېرىكلەر يەنە بىر بىچارىنى ھەيدەپ كېلىۋاتىدۇ!

ھەممەيلەن قەيسەر كۆرسەتكەن تەرەپكە قاراشتى. قوراللىق ئىككى چېرىكنىڭ ئالدىدا بادامدوپپا، ئاق يەكتەك كىيگەن ئېگىز بوي، ئاقساقال بىر كىشى قوللىرى كەينىگە باغلانغان ھالدا كېلىۋاتاتتى. چېرىكلەرنىڭ مانجۇچە تىلدا «چاققان ماڭ ھوي قېرى، ماڭ دەيمەن» دېگەنلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. پادىچى بالىلار يېقىنلاپ كېلىۋاتقان بۇ بىچارىگە ئىچ ئاغرىتىپ، قاراپ تۇرۇشتى.

— ئاغىنىلەر، — دېدى سادىر نېمىنىدۇر ئويلاۋاتقاندەك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — بۇ قېرى كىشى ئىكەن، بىر ئامالىنى قىلىپ ئۇنى قۇتقۇزمايلىمۇ؟

— چېرىكلەرگە كۈچىمىز يېتەرمۇ؟

— يېتىدۇ.

— مىلتىقى تۇرسا… ياق ئۇنداق قىلمايلى.

— مىلتىقىنى تەگلەپ بولغۇچە، بىزمۇ ئوخشىتىپ قو-

يىمىز بۇ چېرىكلەرنى.

سادىر ئىشەنچلىك سۆزلەۋاتاتتى. دوستلىرى ئۇنىڭ سۆزىدىن كۆرە تولىراق كۆچىگە ئىشىنىپ، ماقۇل بولۇشتى ۋە چېرىكلەرنى قانداق ئەپلەش توغرىسىدا مەسلىھەتلەشتى. سادىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ چېرىكلەرنى توسۇيدىغان، باللار چېرىكلەرنىڭ ئارقىسىدىن كېلىپ، قۇچاقلىۋالىدىغان بولۇپ كېلىشتى.

چېرىكلەر تۇتقۇننى ھەيدەپ ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە سادىر يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پۇتلىرىنى كېرىپ تۇردى. تۇتقۇنمۇ، چېرىكلەرمۇ ئۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ قاراشتى. چىرايىدىن بالا كۆرۈنسىمۇ، بوي ـ بەستىدىن چوڭ ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان سادىرنىڭ تۇرقى سۈرلۈك ئىدى.

— ھوي ھارامزادە، نېمە قىلىۋاتىسەن؟ يولنى بوشات، — دېدى چېرىكلەردىن بىرى ۋارقىراپ.

— بۇ بىچارىنى قويۇۋەت! — دېدى سادىر چېرىكلەرگە ھومىيىپ قاراپ.

— قويۇۋەت؟ سەن بىزنىڭ ئىشىمىزغا ئارىلاشىمەن دېگۈچە نېنىڭنى يېيىشنى بىل.

بىر چېرىك شۇنداق دەپ، سادىرغا دېۋەيلىۋىدى، سادىر ئۇنىڭ ئوڭ كۆزىگە كېلىشتۇرۇپ مۇشت بىلەن بىرنى سالدى. ئۇنىڭ پادىچى دوستلىرىمۇ ئېتىلىپ كېلىپ چېرىكلەرنى قۇچاقلىۋالدى. بىرى تۇتقۇننىڭ قولىنى يېشىۋەتتى. تۇتقۇن يۈگۈرۈپ بېرىپ بىر چېرىكنىڭ مىلتىقىنى، ئوق ـ دورد-

ـسىنى تارتىۋالدى. سادىرمۇ دوستلىرى بىلەن چېرىكلەرنى ئۆ-
رۈپ، ئاغزى ـ بۇرنىنى قان قىلىشقا ئۈلگۈرگەنىدى.
— باللار، ئاۋۇ چېرىكنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورىلى-
ـرىنى ئېلىڭلار، ـ دېدى تۇتقۇن ۋە چېرىكلەرگە مىلتىقنى
تەڭلەپ تۇردى. پادىچى باللار ئۇنىڭ دېگىنىنى ئورۇنداش-
تى، — سەن ئىتلار رەھىم دېگەننى بىلىشمەيسەن، بوپتۇ
رەھىم قىلايلى، بىز سەن ئىتلارنى قويۇۋېتەيلى. كەلگەن
يېرىڭگە ئاستا كېتىۋېلىش! بۇ باللارنى دارىلارغا چاققۇچى
بولۇشما. مېنى دەم ئېلىپ ئولتۇرساق قولىنى بوشتىۋې-
لىپ، قوراللىرىمىزنى تارتىۋېلىپ قېچىپ كەتتى، دەپ
ئېيتىش، بولمىسا مەندىن كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرۈشىسەن.
چېرىكلەرنىڭ بىرى ئۆيغۇرچىنى بىلمىسە كېرەك، بايا
سادىرغا ۋارقىرىغىنى يېنىدىكىگە بىرنېمىلەرنى دېدى ۋە:
— خوپ، خوپ، بولىدۇ، بولىدۇ، — دېگىنىچە شې-
ـرىكىنى باشلاپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ بەدەر قاچتى. تۇتقۇن
يۈگۈرۈپ بېرىپ سادىرنى قۇچاقلاپ، باش ـ كۆزىنى سىلى-
ـدى:
— ياشاپ كەت، ئوغلۇم، ياشا، بۇ ياخشىلىقىڭنى ئۆل-
ـسەممۇ ئۇنتۇمايمەن.
تۇتقۇننىڭ جۇدەڭگۈ چىرايىدا كۈلكە ئوينايتتى. ئۇ
سادىرنىڭ پادىچى دوستلىرىنىڭمۇ باشلىرىنى سىلىدى، رەھ-
ـمەت ـ تەشەككۈر ئېيتتى. سادىر ئۆزىنىڭ بۇ تۇنجى قېتىم-
ـلىق ياخشى ئىشىدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ ئاغزى گەپكە

كەلمەي قالدى. تۇتقۇن چېرىكلەرنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورد-
لىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كۆتۈرۈپ، مېڭىشقا تەمشەلدى. سا-
دىر شۇ چاغدىلا ئېغىز ئاچتى:

— ئاكا، نەگە بارىدىلا؟

— تاغقا، قاچقۇننىڭ ماكانى تاغدا، — دېدى تۇتقۇن كۈلۈمسىرەپ، — خۇدا قېرى جېنىمنى ئامان قىلسا يەنە كۆرۈشەرمىز...

ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ، بايا چېرىك-
لەر ھەيدەپ كەلگەن تەرەپكە كەتتى.

# قەلقە ياغلىق

تۆيۇقسىز ئاڭلانغان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ سادىرنىڭ خىيا-
لىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قارىۋىدى، ئۆستەڭ-
نىڭ ئۇ قېتىدا تۆۋەنگە قاراپ يۇگۇرۇپ كېلىۋاتقان بىر
نەچچە قىزنى ۋە كۆۋرۈك يېنىدا ئۇلارغا قاراپ تۇرغان ئاتلىق
كىشىنى كۆردى. سادىر ئاتلىق كىشىنى تونۇدى. ئۇ موللى-
توختىيۇز بېگنىڭ ئەركە ئوغلى رۇستەم بولۇپ، يۇگۇرۇپ
كېلىۋاتقان قىزلارنىڭ كەينىدىن قاراپ تۇراتتى. قىزلارنىڭ
كەينىدىن ھېۋىزەم يۇگۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

سادىرنىڭ ئانىسى بىلەن ھېۋىزەمنىڭ ئانىسى سادىر
بىلەن ھېۋىزەم بوۋاق ۋاقتىدىلا قۇدىلىشىشقا ۋەدىلەشكەنى-
دى. بۇنى پۈتۈن يۇرت بىلەتتى. بويىغا يېتىپ كېلىۋاتقان
سادىر بىلەن ھېۋىزەمنىڭمۇ ئۇ ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى.
ئەمما باينىڭ ئوغلى رۇستەم ھېۋىزەمنى ئەگىپ يۇرەتتى.

بۈگۈن ھېۋىزەم دوستلىرى بىلەن بىللە ئۆستەڭنىڭ ئۇ
تەرىپىدىكى بىنەملىك دۆڭگە سېغىز كولىغىلى چىققانىدى.
ئۇلار سېغىزنى كولاپ ۋە تاغ گۈللىرىنى تېرىپ گۈل دەستە
تىزىشىپ قايتىشتى. ئۆستەڭ كۆۋرۈكىدىن ئۆتۈۋاتقاندا مە-
ھەللىدىن ئاتلىق چىقىپ كەلگەن رۇستەم ئۇلارنى كۆۋرۈك
بېشىدا توسۇدى. بايۋەچچىنىڭ كۆزى قىزىل كۆڭلەك كى-

يىپ، قەلقە ياغلىق چىگكەن، ئۈششاق ئۆرۈمە چاچلىق
ھېۋىنزەمگە تىكىلدى. ھېۋىنزەم قولىدا چىرايلىق گۈل دەستە
تۇتۇۋالغان، قولىقىغا كاككۇكگۈلى قىسىۋالغانىدى. ئۇ
مۇڭلۇق ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتاتتى:

تاغدا ئېچىلىپ قاپتۇ،
سېرىق سەبدە بىلەن چۇغلۇق.
كۆڭلۈمگە ئازار بەرمەڭ،
مېنىڭ كۆڭلۈم سۇنۇق - مۇڭلۇق.

قىزلار يېقىنلاپ كەلگەندە ئاق شايى كۆڭلەك ئۈستىدىن
قارا پوتا باغلىغان، مالىخاينى چېكىسىگە كىيگەن رۇستەم
ئالا تاينى دېۋىتتى.
— ھېۋىنزەم، قولىڭىزدىكى گۈللەر ئەجەب چىرايلىققۇ،
كىمگە ئاتاپ تىزدىڭىز؟ — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ تىلى سىمىز
ئىدى.
— ئىگىسىگە! — دېدى ھېۋىنزەم.
— ئىگىسىگە؟ ماڭىمۇ؟
— قايسى يۈزۈڭ بىلەن «ماڭىمۇ» دەۋاتىسەن ئۇيالماي-
دىغان؟ . . . سەن تايتاڭغا بېرىدىغان گۈل نەدىكەن؟
ھېۋىنزەمنىڭ سۆزلىرى رۇستەمنىڭ ئاچچىقىنى كەل-
تۈرگەنىدى. شۇڭا ئۇ چاقچاق ئارىلاش قامچىنىڭ ئۇچى
بىلەن ئۇنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى.
— ھەي قىز، زەھەر تىلىڭنى تارتىپراق سۆزلە.
— ھوي دوغداق، نوقۇيدىغان ئادىمىڭنى تېپىپ نوقۇ.
رۇستەم ھېجىيىپ تۇرۇپ، قامچا بىلەن ھېۋىنزەمنىڭ

قەلقە ياغلىقنى ئېلىپ ئېلىۋالدى.

— ھوي دوغداق، ياغلىق سالاتتىڭمۇ بېشىڭغا؟ ئەكەل ياغلىقىمنى!

رۇستەم قىزنىڭ سۆزىگە قۇلاقمۇ سالماي ئىتتىنى دىۋىت-تى.

قەلقە ياغلىق قامچىنىڭ ئۇچىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ئات كۆۋرۈككە بېرىشىغا قەلقە ياغلىق ئۆستەڭگە چۈشۈپ ئېقىپ كەتتى.

بۇ ئۆستەڭ ئىلى دەرياسىنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى تاغ باغرىدىكى مەھەللىلەر، ئېتىزلار ئۇچۇن قېزىلغان بولۇپ، ئاق ئۆستەڭ قېزىلغاندىن كېيىن ئانچە ئىشلىتىلمەيدىغان بولغانىدى. بۇ يىل ئىلى دەرياسىنىڭ سۈيىنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئۆستەڭدىمۇ سۇ لىق ئېقىۋاتاتتى، ئۆستەڭ چوڭقۇر ئىدى. شۇڭا ھېۋىزەم سۇغا چۈشەلمەي قەلقە ياغلىققا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. دوستلىرى بولسا كۈلۈپ تۇرغان رۇستەمنى تىللىشىپ ئۇنىڭ كەينىدىن كېلىشىۋاتات-تى. ھېۋىزەم پات - پات:

— ۋاي ئىسىت، قەلقە ياغلىقىمنى ئېقىتىۋەتتى! — دەپ ۋارقىرايتتى.

ھېۋىزەم ئۇدۇلغىراق كەلگەندە سادىر ئۇنىڭ نېمىگە يۈگۈرۈۋاتقانلىقىنى دەرھال بىلدى - دە، كۆڭلەك، چورۇق-لىرىنى سېلىپ تاشلاپ سۇغا سەكرىدى. چۈنكى قەلقە ياغلىق ھېۋىزەمگە مەرھۇم ئانىسى روشەنخاندىن قالغان يالداما ئى-دى. سادىر قىزنىڭ قەلقە ياغلىقنى تويغىچە ساقلىشىنى ۋە تويدا سېلىشىنى ئارزۇ قىلغانىدى.

تاغ سۈيى شىددەتلىك ئاقاتتى، شارقىرايتتى، دولقۇن-

لىرى سادىرنى ئارقىغا ئىتتىرەتتى. بىراق سادىرمۇ بوش كەلمەي غولاچ ئاتاتتى، ئوقچۇپ ئۆزەتتى. سۇ ئۇنىڭ يۈزىگە ئۇرۇلۇپ، ئىغىز ـ بۇرنىغا كىرىپ كېتەتتى. ئۇ ئاخىرى قەلقە ياغلىقنى سۇزۇۋالدى ـ دە، ئۈزۈپ بېرىپ ئۇ قاتتىكى سۆگەتنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان شاخلىرىغا ئېسىلدى. ئۇ سۇغا يېرىم چۆكۈپ تۇرۇپ، ياغلىقنى قىزغا تەڭلىدى. يالاڭ ئاياغ ھېۋىزەم يېتىپ كەلدى. ئۇ سادىرنىڭ بۇ ئىشىدىن تولىمۇ خۇش بولۇپ كەتكەنىدى.

— رەھمەت، سادىر ئاكا! — دېدى قىز ياغلىقنى ئېلىۋېتىپ، — رەھمەت سىزگە...

ھېۋىزەم ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈمسىرەيتتى، سادىرمۇ ئۇ-نىڭغا تىكىلىپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى. بۇنداق مەنىلىك قا-راشتىن ئۇيالغان قىز قەلقە ياغلىقنى ئېلىپ كەينىگە ياندى. ئۇ خۇشاللىقىدىن كىيىكتەك تاقلاپ ماڭاتتى.

# قوشاقچى

بۇ كۆنلەردە ھېۋىزخانىنىڭ قولى زادىلا ئىشتىن بوشى-
مىدى. ئاتا - بالا ھەير يىلى باھاردا ئىشىك ئالدىغا گۈللۈك
قىلاتتى. بولۇپمۇ ھېۋىزخان ئانىسى روشەنخاندىن ئايرىلغاند-
دىن كېيىن بۇ گۈللۈككە بەكمۇ ھېرىس بولۇپ قالغانىدى.
گۈللۈكتە رەڭمۇ رەڭ ئېچىلغان مودەنگۈللەر ھېۋىزخان
ئائىلىسىگە ئانا ھىدىنى بېرەتتى. شۇڭا ئۇ مودەنگۈللەرنىڭ
سولىشىپ قالغانلىقىغا قاراپ تولىمۇ ئېچىنىدى. گۈللۈككە
قاپاقتا سۇ توشۇپ قۇيۇپ كۆردى، ئامال بولمىدى. ئاخىرى
ئۇ سۇ بېشىغا باردى. بىر ئېرىق سۇ موللىتوختىيۇز بېگى-
نىڭ يېرىگە ئېقىۋاتاتتى. ھېۋىزخان ئۇنىڭدىن ئازراق ئې-
چىق ئېچىپ گۈللۈك تەرەپكە باشلاپ قويدى. سۇ گۈللۈككە
تېخى يېتىپ كەلمەستىنلا ئۆستەڭ تەرەپتىن ۋارقىراشقان
ھالدا ئۈچ چېرىك بىلەن كۆكبېشى ھاسىراپ - ھۆمۈدىشىپ
گۈللۈك تەرەپكە يېتىپ كەلدى - دە، «تۇغاننى بۇزدۇڭ»
دېيىشكىنىچە قىزغا ئېسىلىۋالدى. ۋارقىراش - جارقىراشلا-
رنى ئاڭلاپ سادىق ئاكا شۇ ھامان پەيدا بولدى. چېرىكلەر
سادىق ئاكىنى باغلاپ، ئۇدۇل ئۆستەڭ بېشىغا ھەيدەپ ماڭ-
دى. «ھايت - ھۇيت» دېگۈچە قىزنىڭ قارشىلىقىغا قارىماي
سادىق ئاكىنى تۇغانغا باستى. قىزنىڭ يۈرەكنى لەختە -

لەختە قان قىلغۇچى نالىسىدىن پۈتۈن زېمىن تەۋرەپ كەتكەندەك بولدى. بۇنى ئاڭلاپ پادا بېقىۋاتقان سادىر ھەممىدىن ئاۋۋال يېتىپ كەلدى ـ دە، ئىككى چېرىكنى، كاللا سوقۇشتۇرغىنىچە ھالسىزلاندۇرۇپ تۇغانغا باستى. قالغان ئىككىيلەن بەدەر قېچىشتى.

كۈن پېتىپ نامازشام ۋاقتى بىلەن چېرىكلەر توپ ـ توپى بىلەن كېلىپ، يېزىنى قورشىدى. ئۇلارنىڭ سادىرنى ئىزدەپ كىرمىگەن چاشقان ئۇۋىسىلا قالغانىدى. ئاخىر ئۇنى يوشۇرۇپ قويغان ھېۋىزىخاننى قىيناشقا باشلىدى. ئات ھازىرلاپ ئارقان تەييارلاشتى. ئۇلار سادىرنىڭ نەدىلىكىنى ئېيتىپ بەرمىسە قىزنى ئاتقا سۆرىتىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئەمما قىزدىن زۇۋان چىقمىدى. ئاتقا سۆرىتىشكە تايىن تاپقان چېرىكلەر سادىق ئاكىنىڭ ئۆيىنى قايتا ئاختۇرۇشقا باشلىدى. سادىر ئۆگزىدىكى بىدىنىڭ ئارىسىغا مۆكۈۋالغاچقا چېرىكلەر ئۇنى تاپالمىدى. ئۇلار قايتىپ چىقىپ قىزنى ئاتقا سۆرەتمەكچى بولۇۋاتقاندا سادىر مەردانە قىياپەتتە ناخشا ئېيىتىپ ئۆگزىدىن سەكرىدى:

ئۆلتۈرسەڭ مېنى ئۆلتۈر،
زۇلۇم سالما خەقلەرگە.
ئوغۇل بالا مەن سادىر،
تېتالايمەن مەن سەنلەرگە.

چېرىكلەر شۇ ھامان ئۇنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىشتى. سادىر پەرۋاسىز ھالدا چېرىكلەرنىڭ ئالدىغا چۈشۈپ ماڭدى. ئەمما ئۇنىڭ ئېيتىۋاتقان ناخشىلىرى يۇرت ئەھلىنى كۆچلۈك

ھاياجانغا سالدى:

ئاخشىمى ياتار چاغدا،
سالغىلى كىگىز قېنى؟
بۇ جاندىن ئۆتۈپ كەتتى،
زالىملارنىڭ قىلغىنى .

ئىزدەشكە پۇرسەت بەرمەي،
زالىم قامچىلىق چىقتى.
بۇ دەردلەرگە چىدىماي،
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى.

سادىرنىڭ تۈنجى ناخشىسى ئەنە شۇنداق ۋۇجۇدقا چىقتى.

1814 ـ يىل قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، قار قېلىن ياغدى. باھار كېلىشى بىلەن يەر ـ جاھان بىردىنلا ئېرىپ، ئېرىق ـ ئۆستەڭلەرگە سۇ پاتماي قالدى. قاش دەرياسىدىن تاشقان سۇلار ۋە تاغ سۇلىرى ئېتىز ـ ئېرىقلارنى ۋەيران قىلدى. ئاساۋ سۇ خۇدىيارىيۈزى تەرەپتىن غۇلجا شەھەر قەلئەسىگە تۆۋەنلەپ چۈشۈپ، دۆڭيامۇلنىڭ ئۇستۇنكى تەرىپىنى ئويۇپ كىرىپ كەتتى. سېپىل يېرىلىپ دۆڭيامۇلغا دەخلى يەتتى. نەتىجىدە ھۆكۈمەت يامۇلغا سولانغان بىر قىسىم مەھبۇسلارنى رىبن دارىينىڭ يامۇلى (غۇلجا شەھەر يامۇلى) غا يۆتكەپ، قالغان بىر قىسمىنى بوشىتىۋەتتى. قويۇپ بېرىلگەنلەر ئىچىدە سادىرمۇ بار ئىدى. ئۇ شۇ يىلى كۈزدە ئۆز يېزىسىغا قايتتى. سادىر ئۆزىنىڭ دۆڭيامۇلغا

قامالغانلىقى توغرىسىدا مۇنۇ قوشاقنى توقۇپ چىقتى:

سادىر دەپ ئېتىم يامان،
ئون بەش ياشتا ئاتالغان.
دەسلەپكى تۇتۇلغاندا،
دۆڭيامۇلغا سولانغان.

# سادىر پالۋان

بۈگۈن تاڭ سەھەردىلا قەدىمىي ناغرىخانىدىن ياڭرىغان جۇشقۇن ناغرا - سۇناي ئاۋازى پۈتكۈل ئەتراپنى خۇش ناۋاغا چۆمدۈردى. ناغرىخانىنىڭ ئاستىنقى تەرىپىدىكى ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى چىمەنلىك سەينادا ئوقەتچىلەر ئالدىن ئورۇن ئىگىلەشكەنىدى. سەينادا ئادەملەر توپى بارغانسىرى كۆپەيمەكتە ئىدى. كۈلكە - چاقچاق، ناخشا - ساز، قىقاس - چۇقانلار پۈتۈن مەيداننى قاپلىغانىدى. ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەن ئۇرۇق - تۇغقان، يارۇدوستلار بۇ يەرگە جەم بولۇپ، ھال - ئەھۋال سورىشىپ مۇڭداشماقتا ئىدى. چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرۈگەن، گۈللۈك شايىلاردىن كۆڭلەك كىيگەن قىزلار سۇ بويىدىكى دەرەخلەرگە ئىلەڭگۈچ سېلىپ ئۇچۇشاتتى. ئۇلارنىڭ چۇرقىرىغان، كۈلۈشكەن ئاۋازلىرى بۇرۇتلىرى ئەمدىلا خەت تارتقان، ئاق سۇرۇپتىن تىكىلگەن يەكتەكلىرىنىڭ ياقىلىرىنى ئېچىۋەتكەن، يېشىل شايى پوتا باغلىغان يىگىتلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى. ئۇلار ئۆردەك ئوۋلىغاندەك، قىز - چوكانلارنى مارىشىپ يۈرەتتى. يۇرت - يۇرتتىن ئەكېلىنگەن مەكتەپ بالىلىرى ئۇستازلىرىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە تەكشى ئاۋاز بىلەن «نورۇزنامە» نى ئوقۇشاتتى.

هەر كىشى پەرزەنتىنى داخىل ئەيلىسە،
شول كىشى تاپۇر كامالەت ۋەھىمە يىمەي ھەر زامان.
چۈنكى ئازاد ـ ھۆرلۈكنىڭ نىشانىدۇر پەن ـ ئىلىم،
پانىي دۇنيا، جەننىتى ـ مەرىپەتتۇر ھەرقاچان.

بۇنىڭغا ئۇلاپلا قۇرامىغا يەتكەن بىر توپ ياشلار نورۇز بېيىتىنى ئوقۇشقا باشلىدى:

يىل بېشى نورۇز كەلدى كۈلۈپ كۈندەك،
قارا قىش، جۇت تۇمانىنى سۈرۈپ بىردەك.
قىز ـ چوكانلار ياسانغان قىزىلگۈلدەك،
ھەممىنىڭ مۇرادى بىر پەيزى سۈرمەك،
بارچە خۇش خۇي مەرىكىگە كەلدى بۈگۈن.
. . . . . .

گۇرۇلدەپ ساماغا كۆتۈرۈلگەن بۇ ئاۋازلار ئىچىدە ئاجايىپ جاراڭلىق، ساپ ـ يېقىملىق بىر ئاۋاز ئالاھىدە ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ۋۇجۇدىغا ھۇزۇر بەخش ئېتىۋاتقان بۇ ئاۋازنىڭ كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ، بىر ـ بىرىدىن سورىشاتتى:

— جاراڭلاپ چىقىۋاتقان يېقىملىق ئاۋاز كىمنىڭ؟
— ياھ، كاككۇك ئاۋازىدەكلا ئاڭلىنىدۇغۇ؟
— ئاجايىپ ساز ـ ھە؟
— ھېلىقى سادىرنىڭ ئاۋازى بولىمامدۇ.
— قايسى سادىر؟ قايسى يۇزىدىن ئۇ؟
— ھېلىقى ئۈچ چىبىرىككە تەڭ كەلگەن پالۋانچۇ.

سادىرنىڭ پالۋان نامىنى ئاڭلىغان، ئەمما ئۇنى كۆرمىگەنلەر ئۇنى بىر كۆرۈش ئىستىكىدە سورىشاتتى.
— قايسى ئۇ؟ ماڭا كۆرسىتىپ قويۇڭە.
— سادىر قايسىكەن؟
— ئاۋۇ يېڭى ئاق مالىخاي كىيگەن يىگىت شۇ.
— ياھ، ھەممىدىن بەستلىك تۇرمامدۇ بۇ يىگىت.
كىشىلەر سادىرغا ھۆرمەت، سۆيۈنۈش ئىچىدە تىكىلەتتى.
— بۇ پالۋان قوشاقنىمۇ ياخشى ئېيتىدىكەن - ھە؟ — دېدى ئۇنىڭغا زوقلىنىپ قاراۋاتقانلارنىڭ بىرى.
— ئۆزىمۇ ئۇستا قوشاقچى.
— ئاۋازىمۇ سازكەن. . .
— ئۇ ناخشىنىمۇ شۇنداق ياخشى ئېيتىدۇ، ئادەمنىڭ ئاڭلىسا ئاڭلىغۇسى كېلىدۇ.
چېلىشىش باشلىنىشى ھامان مەيداننى قىقاس - چۇقان قاپلىدى. ئون نەچچە پالۋان مەيدانغا چۈشۈپ كۈچ سىناشقاندىن كېيىن، موللىتوختىيۇزى دېھقانلىرى ئۆزىنى قاچۇرۇپ بىر چەتتە ئولتۇرغان سادىرنى ئىتتىرىپ مەيدانغا چىقاردى. ئۇلار:
— مانا بىزنىڭ پالۋىنىمىز، قېنى ئۇنىڭ بىلەن كىم چېلىشىدۇ؟ — دېيىشتى.
سادىر مەيدانغا چۈشۈشى بىلەنلا ئۇنىڭ تاماشىسىنى كۆرگۈچىلەر كۆپەيدى. توپلىشىپ تۇرغانلار بىر - بىرىنى ئىتتىرىشىپ ئالدىغا ئۆتۈشكە ئىنتىلىشتى. ئۇنىڭ بىر ئۆزى ئۈچ چېرىكنى ئۇرغانلىق ھېكايىسى باشقىلارنى چۆچۈتسە كېرەك. ھە دېگەندە ھېچكىم ئۇنىڭ بىلەن چېلىشمەن دەپ

مەيدانغا چۈشمىدى.

— قېنى قايسىڭلار چىقىسىلەر؟ — دېدى سادىرنى مەيدانغا ئاچىقۋانلاردىن بىرى.

— مېنىڭچە، — دېدى سادىر ئۇنىڭ سۆزىگە جاۋاب كۈتمەستىن، — چېلىشىش بىرىنى بىرى يىقىتىش، يەنى بىرى بىرىنى يېڭىش دېگەن سۆز. يىقىتقان خۇشال بولسا، يىقىلغان ئىزا تارتىپ، كۆپچىلىك ئارىسىدا خىجىللىقتىن باش كۆتۈرەلمەي قالىدۇ... شۇڭا مەن چېلىشماي باشقىچە ئۇسۇلدا كۈچ كۆرسەتسەم نېمە دەيسىلەر؟

كۆپچىلىك يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتۈپ تۇرۇشتى. بىر يەرگە يىغىلىپ ئولتۇرغان ئاقساقاللار ئۆز ئارا پىچىرلاشقاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قەمەرىدىن خەلپە:

— پالۋان ئۆزى بىلىپ ماھارەت كۆرسەتسۇن، — دەپ چوڭلار ئۇچۇن ئىجازەت بەردى. سادىر:

— ئۇنداق بولسا مەيدانغا يوغان، كۈچلۈك ئات بىلەن ئۈچ پالۋان كەلتۈرسەڭلار، — دېدى.

سادىرنىڭ تەلىپى دەرھال ئورۇندالدى: ھارۋا شوتىسىغا لىق كەلگۈدەك سېمىز توروۇق ئات بىلەن ئۈچ پالۋان مەيدانغا ھازىر بولدى. ئۇن نەچچە ياشلاردىكى بىر بالىنى ئاتقا مىندۈرۈپ ئارغامچىنى ئاتنىڭ قۇيرۇقىغا باغلىدى. بالا ئاتنى قامچىلاپ ماڭدۇرغاندىن كېيىن، ئۈچ پالۋان ئارغامچىنى تارتىپ ئاتنى توختىتاماقچى بولدى. ئات باشتا قوزغىلالمىدى، كېيىن بىر كۈچەپلا ئۇلارنى سۆرەپ كەتتى. توپلىشىپ تۇرغانلار پاراقىدە كۈلۈشتى. كېيىن سادىر مەيدانغا چۈشۈپ، ئات ئۈستىدىكى بالىغا ئاتنى قامچىلاشنى ئېيتتى. ئات تازا

يورغىلاپ كېتىۋاتقاندا سادىر ئاتنى ياداپ بېرىپ ئۇنىڭ قۇي-رۇقىغا ئېسىلدى ۋە تىرەجەپ تۇرۇۋالدى. ئات قوزغىلالمىدى. ئۇ خېلىغىچە كۈچەپ بېقىپمۇ سادىرنى قوزغىتالمىدى ـ دە، يېڭىلگىنىگە تەن بەرگەندەك جىم تۇردى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان خەلق توپى ھاياجاندىن تەۋرەندى. پالۋاننىڭ شەنىگە ئالقىش ياغدۇرۇپ، باركاللا ئېيتىشتى:

— ياپىر، نېمىدېگەن كۈچ ـ ھە؟!

— قاراڭلار، مىخلاپ قويغاندەك تۇرۇشىنى ئۇنىڭ.

— شۇنچە يوغان ئات قىمىر قىلالماي قالدى ـ ھە؟!

موللىتوختىيۇزىنىڭ قىران يىگىتلىرى مەيدانغا بۆسۈپ كىرىپ سادىرنى قۇچاقلاشتى...

ئاشپەزلەر ئەتىگەندىن بېرى ئەجىر قىلىپ، قېزا، قوي-نىڭ كاللا ـ پاقالچىكى، توخۇنىڭ تاشلىقى، قۇربانلىق قوينىڭ سۇرلەنگەن گۆشى، قۇرت ۋە يەكەن، قاغىلىق جىگ-دىلىرىنى سېلىپ ئەتكەن نورۇز ئېشى قازانلاردا قايىنىدى. نورۇز ئېشىغا سېلىنغان ئاشكۆكى، پىننە ۋە رەي-ھاننىڭ پۇرىقى مەززىلىك پۇرايتتى. ئەر ـ ئاياللار ئايرىم سورۇن تۈزۈپ ئولتۇرۇشۇپ «ھەپتە سالام» (نورۇزلۇق تائامغا بېرىلگەن دىنىي ئىسىم — ئا) نى ئىچىشىپ ئاشپەز-لەرگە رەھمەت ئېيتقاندىن كېيىن ئۆي ـ ئۆيلىرىگە قايتىش-تى.

*　　*

ھىجرىيە 1230 ـ يىلى (مىلادىيە 1815 ـ يىلى) نورۇز ئايىمى مولىتوختىيۇزىدە ئوبدان قارشى ئېلىندى. بۇ كۈن ئەسلىدە ئۇيغۇرلارنىڭ كونىچە يىل بېشى بولۇپ، ھەر يىلى 21 ـ مارتتا مەرىكە قىلىناتتى. ئېلى ئۇيغۇرلىرى

ئىلىنىڭ ھاۋارايىغا ئاساسەن بۇ مەرىكىنى ھەر يىلى 5 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى ئۆتكۈزەتتى. بۇ قېتىمقى مەرىكىگە سادىر- مۇ قاتناشتى.

مەرىكە مەيداىندا ناخشا ـ ئۇسسۇل، بېيت ئوقۇش، چېلىشىش، ئات بەيگىسى قاتارلىق ئويۇنلارنىڭ ھەممىسى بولدى. ئەمما سادىر ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا قاتناشمىدى. ئويۇنچىلار ئۇنى ھەممە ئويۇن تۈرلىرىگە تەكلىپ قىلدى. نېمە ئۈچۈندۇر سادىر ئۆزىنى بىر تۈرلۈك قايغۇ ـ ھەسرەت ئىچىدە قالغاندەك ھېس قىلاتتى. مەيداندا ھەرقايسى يۇزلەر- نىڭ بېيت ـ قوشاقچىلىرى مۇسابىقىگە چۈشۈۋاتاتتى.

موللىتوختىيۈزبىلىكلەر سادىرنى كۆرسەتتى، لېكىن يۈزبېگى ئانچە قىزىقىپ كەتمىدى. يۇزلەرنىڭ بېيتچىلىرى ھە دەپ يۈز بېگىگە ھەزىل قىلىشقا باشلىدى. بۇ چاغدا موللىتوختىيۈزبېگى ئۇلارنىڭ ھەزىللىرىگە چىديالماي قال- دى. خەلق سادىرنى يەنە ئوتتۇرىغا چىقىشقا زورلىدى. ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشتى. ئۇ يەنە بىر مىنۇتچە ئۈن چىقارمىدى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا دىققەت بىلەن قاراشماقتا ئىدى. تۇيۇق- سىز ئۇنىڭ كاللىسىغا زالىملارغا بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى مۇشۇ پۇرسەتتە دەۋېلىش خىيالى كەلدى.

شۇ پەيتتە موللىتوختىيۈزبېگىنىڭ ئوغلى رۇستەم ئۇ- نىڭغا خىرىس قىلىشقا باشلىدى. يۈزبېگىنىڭ شۇملۇق يې- غىپ تۇرغان نەزىرى سادىرغا قادالغانىدى. ئاخىر ئۇ رۇستەم بىلەن بەسكە چۈشۈپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە رۇستەمنى ئوسال ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى. خەلق تەنتەنە قىلدى. بايلار ئاچچىق ئەلەمدە تولغىنىپ كەتتى.

— بۇ دەيۇزلەرنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. دەۋاتقاز-

لىرنى كۆرمەمدىغان، زەھەر، زەھەر!
— يارايسەن، سادىر. سەن بىزنى پۇخادىن چىقىرالايدىسەن جۇمۇ!
بۇ ئوخشاشمىغان سادالار مەيداننى بىر ئالدى. خەلق خۇشال - خۇرام ئويناشتى. شۇنداق قىلىپ، شۇ كۈنكى نورۇز بايرىمى ئاخىرلاشتى. يولدا كېلىۋېتىپ رۇستەمنىڭ ناھايىتى شاش جەرەن يورغىسى ئۈستىدە گەپ قىزىپ كەتتى. رۇستەم:
— كىم مېنىڭ جەرەن يورغامنىڭ قېشىغا كېلەلەيدۇ؟ ئۇنىڭ يېنىغا كېلەلىگەن ئادەمگە ئالتۇن كەمەرلىك ئېگەر - جابدۇقلىرى بىلەنلا بۇ يورغامنى بېرىمەن، قېنى كىم كېلەلەيدۇ؟ — دېدى تەكەببۇرلۇق بىلەن كېرىلىپ.
— كىچىك بېگىم، سىلىنىڭ جەرەن يورغىلىرىنىڭ قېشىغا بىز كېلەلمىگەن بىلەن كېلەلەيدىغان سادىردەك كىشىلىرىمىز بار، — دەپ ماختاندى ئارىدىن بىر دېھقان.
— سەن سادىرىڭغا ئېيتىپ قوي، ئاخشاملىققىلا جەرەن يورغامنى ئەكېتەلىسە ئۇنىڭ بولسۇن، ئۇنداق بولمايدىكەن، مەن ئۇنىڭ ھېۋىزە خېنىمىنى كېچىلەپ ئەكېتىمەن، — دېدى رۇستەم پوپۇزا قىلىپ.
بۇ گەپ سادىرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇ شۇ كۈنى كەچلىكى قەستەن ئۇنىڭ جىنىغا تېگىش ئۈچۈن موللىتوختىيۈز بېگىنىڭ ھويلىسىغا چۈشتى، ھويلا بوسۇغىسىدا ئىككى ئىت ياتاتتى. سادىر خېمىر ئارىسىغا ئاتنىڭ قىلىنى تىقىپ ئۇنى دەرەخ ئۈچىغا ئارتىلدۇرۇۋالغان ئارقاننىڭ بىر ئۈچىغا باغلانغان سامان سېۋەتكە سالدى. ئىتلار خېمىرنى يېيىش ئۈچۈن ئالدىغا چۈشۈرۈلگەن سېۋەت ئىچىگە چۈشتى. ئىتلار

خېمىرنى يېيىشكە باشلىغاندا سادىر سېۋەتنى دەرەخكە تارتىپ باغلىۋەتتى. ئىتلارنىڭ ئاۋازى ئۆچتى. سادىر ئىچكىرىدىكى هويلىغا كىرگەندە هويلىدا جەرەن يورغا باغلاقلىق تۇراتتى، سادىر ئەتراپنى بىر قۇر كۆزىتىپ چىقتى.

يېقىنلا يەردە ياتقان رۇستەم چالا ئۇيقۇدا كېرىلىپ قويدى. سادىر ئالدىنئالا تەييارلاپ قويغان كىرپىنى خۇرجۇندىن چىقىرىپ، ئوت يېقىپ سۇپا تەرەپكە قويۇۋەتتى. قاراڭغۇ كېچىدە كىرپە چوڭ بىر پارچە ئوت بولۇپ كۆرۈندى. كىرپە يېقىنلاشقانسېرى ئەندىشىلىك خىياللاردا خەۋپسىرەپ بېشىنى كۆتۈرگەن رۇستەم قورققىنىدىن «سۇبهانالللا» نى مىڭ قېتىم تەكرارلاپ، بېشىنى قايتا يۇركەپ يېتىۋالدى.

سادىر شۇ كېچە يۇزبېگى هويلىسىدىن جەرەن يورغىنى ئاچىقىپ كوچىغا قويۇپ بەرگەندە رۇستەمنىڭ تۇنۇگۇنكى چوڭ سۆزلەشلىرىنى ئاڭلىغانلار ئۇنى كېلىشتۇرۇپ مەسخىرە قىلدى.

# ئەل جىنغا پاتقان «ۋاڭخۇلۇ» ئالۋىنى

شۇ ئىش بولۇپ ئەتىسىلا «ۋاڭ خۇلۇ ئالۋىنى» دەپ ئاتالغان ئالۋان چىقىپ، يېزىدىكى يارامىلىق ئەرنىڭ ھەممە-سى كۆرەگە ھەيدەپ مېڭىلدى. موللىتوختىيۇزبېگى ئېغىر كېسەل بولۇپ ياتقان خۇشئەخمەتنى قالدۇرۇپ، سادىرنىمۇ ئالۋانغا ئېلىپ ماڭدى.

1816 - يىلى ئىلى دەرياسى زور تاشقىن پەيدا قىلدى. ئۇشتۇمتۇت كەلگەن بۇ تاشقىن دەريا بويىغا سېلىنغان كۆرە-گە تەھدىت سالدى. كۆرە — مانجۇ خانلىقىنىڭ شىنجاڭدىكى مەركىزىي شەھىرى بولۇپ، ئۇنىڭغا خان تەيىنلىگەن پەۋقۇل-ئاددە قوماندان مىڭ رۇي گېنېرال سۇپىتىدە ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى. ئۇ ئىنتايىن زالىم، ۋەھشىي ئادەم ئىدى، 1760 - يىللىرى جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئىككى مىڭ ئۆيلۈك دېھقاننى كۆچۈرۈپ چىقىپ ئىلىغا ئورۇنلاشتۇرغان؛ غۇلجا، چىلپەڭ-زە، باياندىي، سۇيدۇڭ، چىڭسىخوزا، لوسىگۇڭ، قورغاس قاتارلىق توققۇز قەلئەنى سالدۇرۇپ، قىرىق كۋادرات كىلو-مېتىردىن ئارتۇق سېپىل سوقتۇرغان ۋە چاپچال، ئاقئۆس-تەڭگە ئوخشاش چوڭ ئۆستەڭلەرنىمۇ چاپتۇرۇپ، دېھقانلار-نى زار قاقشاتقانىدى.

«مىڭ جياڭجۇن» دېسە يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممىسى «خۇدا زاۋالىنى بەرسۇن» دەپ قارغايتتى.
جۇڭغارىيە خانلىقىدىن قالغان موڭغۇللارنىڭ ئىلى دەريا ۋادىسىدىكى يالغۇز بۇتى (كۇرەسى) ئورنىغا سېلىنغان بۇ كۇرە گېنېراللىنىڭ نەزىرىدە ئالتۇن ئوردا ئىدى. ئۇنىڭغا ھازىر دەريا تاشقىنى خەۋپ تۇغدۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا بۇ گېنې-رال ھەرقايسى يۈز بەگلىرىگە: «بۇ ئوردىنى ساقلاش جانىجان ۋەزىپە، بىر ھەپتە مۆھلەت بېرىمەن، مىڭ كىشىلىك ۋاڭ-خۇلۇ ئېلان قىلىمەن، ئۇلۇغ خاننىڭ بىرمۇ ئۆيى، بىرمۇ ئادىمى چىقىم بولمىسۇن. ۋەزىپە مەن دېگەندەك ئادا بولمىسا كاللاڭلار ئېلىنىدۇ» دەپ پەرمان چۈشۈردى.
«ۋاڭخۇلۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى، سۇنى كەينىگە ياندۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. مانجۇ ھۆكۈمىتى ئىلى دەريا-سىدا يىلدا بولۇپ تۇرىدىغان سۇ تاشقىنىنى تىزگىنلەش ئۆ-چۈن دېھقانلارنى ھەر يىلى بىر قېتىم ھاشارغا سالاتتى. بۇ، 1815 - يىلىدىن باشلاپ شۇ نام بىلەن ئاتىلىپ، دېھقانلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان قانۇن بولۇپ بەلگىلەنگەنىدى. قانۇن بېكىتىلگەن يىلى سادىر باشلىق ھاشارچىلار خان كۇ-رەدە ۋاڭخۇلۇغا ئىشلىدى، بۇ چاغدا سۇ تاشقىنى تازا كۈچە-يىپ كەتكەنىدى. ھاشارچىلار سۇنى ھەرقانچە قىلىپمۇ تو-سۇيالمىدى. يۈزلەردىن ھاشارچىلارغا باش بولۇپ كەلگەن يۈزبېگى، يايى، ئەمەلدارلار بۇ قېيىن ئىشقا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن بىرەر ئوڭۇشلۇق چارە تاپالمىدى. ئاخىر جياڭجۇن ئوردىسىدىن ۋاڭخۇلۇغا باش قىلىپ بېكىتىلگەن ئامبالدىن مەسلىھەت ئېلىش قارارىغا كېلىشتى.
— دەرياغا بېسىلغان تۇرمەل توختىمايۋاتقان بولسا، - دېدى ئامبال كېگەشتە، — قائىدە - يوسۇنۇڭلار بويىچە ئىش

قىلساڭلار بولىدۇ.
— چارىسىنى قىلمۇاتقان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى موللىتوختىيۇزبېگى كېڭەشتە ئامبالغا يېلىنغاندەك قىلىپ، — سۇ توختىماي قالغاندا، توختى، تۇرسۇن، تۇردى، تۇرغان ئاتلىقلار بېسىلسىلا توختايدۇ، لېكىن...
— لېكىن - پېكىننى قويۇپ، شۇ بويىچە ئىش يۇرگۈزۈلسۇن، — دېدى ئامبال كېكەچلەپ.
دەريا تاشقىنىنى توسۇش ئۈچۈن تۇرمەل مۇھىم ئىدى. هاشارچىلار توختىماي تۇرمەل باساتتى.
جاپالىق ئىش ئۈستىدە سادىر «تۇرمەل ناخشىسى» نىمۇ ئىجاد قىلىپ ئۈلگۈردى:

تۇرمەلنى تۇرۇپ قويدۇق،
هېكىم يايدۇر باشلىق.
يايلار زۇلۇم سالسا،
بوزەك بولمىغىن قاشلىق.

تۇرمەلنى كۆچەپ باسقىن،
تۇرمەلنىڭ كۈچى كۆپتۇر.
ھەرقانچە غەيرەت قىلساق،
قورساقنىڭ جېنى يوقتۇر.

تۇرمەلنى ئېلىپ قاچسا،
دەريانىڭ سۈيى تاشقىن.
بىز تارتساق بۇ دەردلەرنى،
ئامبالنىڭ خۇيى چاشقىن.

نى مەردلەر ئۆلۈپ كەتتى،
تۈرمەلنىڭ قاشاسىدا.
جېنىمنى تىكىپ قويدۇم،
ۋاڭخۇلۇ ھاشارسىدا.

موللىتوختىيۇزبېگى بۇ قوشاقنى دەرھال ئامبالغا يەتكۈزدى ھەم سادىرنىڭ خەتەرلىك ئادەم ئىكەنلىكىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئامبال كېچەش ئەزالىرىغا ئۇنىڭدىن قورقماي ئىش بېجىرىشنى تاپشۇردى.

ۋەزىپە تاپشۇرۇۋالغان موللىتوختىيۇزبېگى ئۆز يېزىسىدىن كەلگەن سادىرنىڭ يېقىن ئاغىنىسى توختىنى دەرياغا تاشلىماقچى بولدى. لېكىن سادىر بۇنىڭغا قارشى چىقتى.

— توختى ئاتلىقنى دەرياغا تاشلىسا تاشقىن توختىسا، ئۇنىڭدىن ئۇلۇغراق توختى ئاتلىقلارنى دەرياغا تاشلىغاندا، تاشقىن تېخىمۇ ئاسان توختايدۇ. بۇ ياخشى چارە ئىكەن. ئەمىسە، موللىتوختىنى دەرياغا تاشلىسا تاشقىن تېخىمۇ تېز توختايدۇ دەڭلار!

سادىرنىڭ بۇ سۆزى ئۇنىڭ يەنە تۇتقۇن بولۇشىغا سەۋەب بولدى. چېرىكلەر ئۇنى شۇ زامان،چەمبەرچاس قىلىپ باغلىدى. ئارقىدىنلا ئۇنىڭ ئاغىنىسى توختىنى دەرياغا تاشلىدى. باغلاقلىق تۇرغان سادىر ئۇنىڭغا چىدىماي مۇنداق دەپ قوشاق توقۇدى:

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
توختى ئاتلىقنى تاشلايدۇ.
ھاشارچى ئۇنى كۆرۈپ،
خۇدايىمغا يىغلايدۇ.

دەريانىڭ سۈيى تاشسا،
خان كۈرەنى سوقماقچى.
ئەقلى يوق نادان بەگلەر
ھاشار بىلەن توسماقچى.

ياز بولسا بولار غەمكەن
ۋاڭخۇلۇنىڭ ئالۋىنى.
بۇ ھاشارغا باش بولغان
مانجۇلارنىڭ يامىنى.

بۇ ناخشىنى ئاڭلىغان چېرىكلەر سادىرنى ئىلى رىن دارىن يامۇلىغا يالاپ ئېلىپ ماڭدى. ھاشارچىلار ئۇنىڭ ناخشىسىنى ياد ئېيتىپ، «ۋاڭخۇلۇ ناخشىسى» دەپ ئۆزلىرى نام قويۇشۇپ ئېيتىشىپ قالدى.

# خەلقنى هالسىراتقان «خان ئات»، «خان كالا»، «خان قوي» تۈزۈمى

1814 ـ يىلى يېڭى بىر ئىقتىسادىي تۈزۈم ئورنىتىلغانىدى. بۇ تۈزۈم «دارخانلىق» تۈزۈمىدىن ھېچ پەرقى بولمىغان، بەلكى ئېكسپىلاتاتسىيە جەھەتتە «دارخانلىق» تۈزۈمىدىن ئېشىپ چۈشىدىغان «خان ئات»، «خان كالا»، «خان قوي» تۈزۈمى ئىدى. بۇ تۈزۈم بويىچە ھۆكۈمەت ھېسابىدىكى قويلار چارۋىچىلارغا تارقىتىلاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە چارۋىچىلاردىن ھەر يىلى ھەر يۈز ساغلىقتىن توقسان تۆل، ھەر يۈز ئەركەك قويدىن ئون قوي ئۆسۈم ئېلىناتتى. چارۋىچىلارغا ئىش ھەققى ئۈچۈن قوي ھەم ئىنەكنىڭ سۈت، قېتىقىدىن باشقا ھەق بېرىلمەيتتى. ئات ـ كالىلار دېھقانلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى ھېسابىغا تارقىتىلاتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە دېھقانلارنىڭ يىللىق مەھسۇلاتى ئۈچكە بۆلۈنۈپ، ئۈچتىن ئىككى قىسمى ھۆكۈمەتكە ئېلىناتتى. بىر قىسمى دېھقانلارنىڭ ئۆزىگە قالاتتى. ئات ـ كالىنىڭ پۈتۈن يىللىق يەم ـ خەشىكى دېھقانلارنىڭ زىممىسىدە ئىدى. مەيلى، «خان ئات»، «خان كالا» ياكى «خان قوي» بولسۇن،

ھەممىسىدە ئۆلگەن، يىتكەن مال ـ چارۋىلار دېھقانلارنىڭ قەرزىگە يېزىلاتتى. «خان ئات»، «خان كالا»، «خان قوي» زادى ئۆلمەيتتى ۋە يىتمەيتتى. شۇنىڭ ئۇچۇن پۇقرالار بۇنى «تۆمۈر ئات»، «تۆمۈر كالا»، «تۆمۈر قوي»... دېيىشەتتى. بۇ تۈزۈمنى يولغا قويۇش، مۇھاپىزەت قىلىش يۈزىسىدىن ھەر سۇمۇلغا ئون چېرىك، دېھقانچىلىق رايونلىرىدا ھەر يۈزگە ئالتە چېرىك قويۇلغان بولۇپ، چېرىكلەرنىڭ تەمىناتى يەنىلا خەلقنىڭ زىممىسىدە ئىدى.

يەر، سۇمۇ ئوخشاشلا ھۆكۈمەتنىڭ مۈلۈكى ھېسابلىناتتى. سۇ سېلىقى ئۇچۇن بىرىنچى قېتىم ھەر ئائىلىگە بىر دەندىن سېلىق بەلگىلەنگەنىدى.

1818 ـ يىلىنىڭ ئاخىرى، 1819 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئىلى ۋىلايىتى بويىچە چارۋا ماللار كېسەل بىلەن يۇقۇملاندى، دېھقانلارغا تارقىتىلغان «خان كالا» لاردىن ئۈچ يۈزدىن ئوشۇق كالا چىقىم بولدى. بۇ، ئىقتىسادىي جەھەتتە ۋەيرانچىلىققا ئۇچراپ كېلىۋاتقان دېھقانلار ئۈچۈن تېخىمۇ زور پالاكەت ئىدى.

چىقىم بولغان كالىلار ئىچىدە خۇشئەخمەتكە بېرىلگەن ئىككى «خان كالا» مۇ بار ئىدى. بۇ ھال ئۈچ يىلدىن بېرى ئاغرىق ـ سىلاق، تاياق ـ توقماقتىن قۇتۇلالماي كېلىۋاتقان ۋە ئەللىك يىللىق قۇللۇق ھاياتىدا ئائىلىسى ئۈچۈن قىلچىلىكمۇ ئىقتىسادىي ئاساس تۇرغۇزالمىغان خۇشئەخمەت ئۈچۈن تولىمۇ ئېغىر كەلدى. بولۇپمۇ زوراۋانلارنىڭ ئۇنى ياتقان ئورنىدىن زەمبىلدە ئاچىقىۋېلىپ، خالايىق ئالدىدا ھاقارەتلەپ، ئۆلگەن «خان كالا» نىڭ ھەققىنى ئىككى كۈن ئىچىدە تاپشۇرمىسا كاللىسى ئېلىنىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرۇپ

پوپۇزا قىلىشلىرى تېخىمۇ جىېنىغا تەگدى.

يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن سادىر بۇ ئەھۋاللارنى ئاڭلاپ ۋە كۆرۈپ چىداپ تۇرالمىدى. چۈنكى دېھقانلار «خان ئات»، «خان كالا»، «خان قوي» تۇپەيلىدىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلۈۋاتاتتى. ئۇلار ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولماقتا ئىدى. يۇرتىنىڭ بۇنداق ئاياغ ئاستى قىلىنىشىغا چىداپ تۇرالمىغان سادىر تۆۋەندىكى قوشاقنى توقۇدى:

يۇرتنى باستى غەم ـ قايغۇ،
ئۆي ـ بىساتتىن ئايرىلدۇق.
خان كالا، قوي، ئات ئۈچۈن،
ئىسسىق جاندىن ئايرىلدۇق.

باغلار بولدى زىمىستان،
يۇرتۇم بولدى گۆرىستان.
سەرسانلىقتا تۆكۈلەر،
يۈرەكلەردىن لەختە قان.

سادىر قانداق چىدىغاي،
خان كالا، قوي دەردىگە.
قاقىسام مەن ئۆپكەڭنى،
كۆرۈپ تۇر خان، ئەتىگە.

يۇرت ـ زېمىنىدىن ئايرىلىپ ئىنسان ئاياغ باسمىغان تاغ ـ ئېدىرلارغا كۆچكەنلەر ئارىسىغا سادىرنىڭ ناخشىسى

تارقالغان كۈننىڭ ئەتىسى ئۇلار يېڭى خۇش خەۋەر ئاڭلىدى ھەم پۇل ـ مالغا ئېرىشتى. چۈنكى سادىر ئەل ئامانلىقى ئۈچۈن مۇھىم بىر ئىش قىلغانىدى.

ئىلى تەۋەسىگە جايلاشقان يۇزلەرنىڭ ئالۋان ـ سېلىق ھەم «خان كالا، قوي، ئات» تۈزۈمىدىن ئۇندۇرۇلگەن پايدىنى خەزىنىگە توپلايدىغان ئورۇننىڭ مۇقام شەھىرى ① ئىكەنلىكىنى سادىر بىر ئامال قىلىپ بىلىۋالدى. خەزىنە جايلاشقان ئورۇننى يۇزلەردىن چوڭ سۇ ئايرىپ تۇراتتى. مانجۇ ئەمەلدارلىرى سۇغا ئاسما كۆۋرۈك سالدۇرغان بولۇپ، بۇ يەر قاتتىق قوغدىلاتتى.

سادىر يوغان بىر ئىتنى سويۇپ ئۇنىڭ تېرىسىگە ئورىنىپ، كېچىدە ئاسما كۆۋرۈكتىن ھىيلە بىلەن ئۆتتى. تۈن قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ خەزىنىچىنىڭ قورۇسىغا كىردى. ئۇنىڭ ئىشىكى تۈۋىدە خەزىنىچىنىڭ مۇشۇكىنىڭ تالاغا چىقىشىنى كۈتتى، تۈن يېرىمىدىن ھالقىپ مۇشۇك تالاغا چىقتى خەزىنىچى مۇشۇكىنىڭ قايتىپ كىرىشى ئۈچۈن ئىشىكنى ئوچۇق قويغانىدى. سادىر بۇنىڭدىن پايدىلىنىپ ئاستا ئۆيگە كىرىۋالدى ۋە خەزىنىچىنىڭ بۇرنىغا كەندىرنى كۆيدۈرۈپ پۇراتتى. ئۇنىڭ قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ خۇرجۇن ـ قاچىلىرىغا ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنى قاچىلىدى ـ دە، خەزىنىچىنىڭ ئۆيىدىن بىمالال چىقىپ كەتتى.

خەزىنىدىن ئالتۇن ـ كۈمۈشلەرنىڭ يوقالغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەر ئەتىسىلا ئىلى جياڭجۈنىگە يەتتى. جياڭجۈن

① VI ئەسىرلەردە «قويلۇق» دەپ نام ئالغان قەدىمىي شەھەر ئورنىغا چيەنلۇڭ دەۋرىدە قايتا شەھەر سېلىنغان ئورۇننىڭ نامى «مۇقام شەھىرى» دەپ ئاتالغان (ھازىرقى ئورنى غۇلجا ناھىيە تۇرپانيۈزى يېزىسى روزىمەتيۈزى كەنتىدە).

پەرمان چۈشۈرۈپ «ئوغرى» نى ئىزدەشكە بۇيرۇدى. دەسلەپ ھېچكىم ئۇنىڭ سادىر ئىكەنلىكىنى بىلمىدى. سادىر خەزىنىدىن ئاچىققان ئالتۇن ـ كۈمۈشنى «خان كالا، قوي، ئات» چىقىمىغا ئۇچرىغانلىكى دېھقانلارغا ئۇلار قەيەردە يۈرگەن بولسا، شۇ ئورۇندىن ئىزدەپ تېپىپ تارقىتىپ يۈردى.

# ئىسيان

ئارىدىن كۆنلەر ئۆتۈپ موللىتوختىيۇزبېگى خەزىنىگە قول تەگكۈزگەن سادىر ئىككەنلىكىنى ئىلى جياڭجۈنگە مەلۇم قىلدى. جياڭجۈن:

«ئۇلۇغلىرىمىزغا زىيان ـ زەخمەت سالغان، يامۇللىرىمىزدىن قاچقان، خەزىنىمىزنى بۇلىغان قاچاق سادىرنى تىرىك تۇتۇڭلار» دېگەن مەزمۇندا قايتا يارلىق چۈشۈردى. يۇزلەردە چېرىكلەر تېخىمۇ كۆپەيدى. بۇلاش ـ تالاش، ئۇرۇش ـ چېپىشلار ئەۋج ئالدى. ئاخىر قېرىنداشلىرىنىڭ چېكىۋاتقان خورلۇق ئازابىغا چىداپ تۇرالمىغان سادىر ئۆزىنى ئاشكارىلىدى. ئۇ غەزەپ ـ نەپرىتىنى باسالماي زالىم بەگلەرنىڭ زۇلۇمىغا قارىتىپ مۇنداق قوشاق توقۇدى:

بۇ چاقۇ يامان چاقۇ،
ئۆزلەرنى خار ئەيلىگەن.
بەگ ـ خوجامغا شە بېرىپ،
يۇرتنى دەسسەپ چەيلىگەن.

يامۇلغا يالاپ ماڭدى،
شۇم چاقۇ بىلەن بىزنى.

ئىچى كۆيمەس زالىملار،
تۆكتى قان ـ يېشىمىزنى.

چاقۇ بىلەن يۇزبېشى،
ئامباللىقىقا سايلاندى.
سادىرنى تۇتۇپ بېرىپ،
ئاغزى، بۇرنى مايلاندى.

زالىملار زامانىدا،
ئەلنى قىيىنىدى خانلار.
سادىر ئاتلىنىپ چىقتى،
ئاقماس ئۇچۇن كۆپ قانلار.

1819 ـ يىل 11 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، چېرىكلەر سادىرنى شۇ مەيداننىڭ ئۆزىدىلا تۆمۈر قەپەسكە سېلىپ كۇرە يامۇلىغا ئەكەتتى. شۇ چاغدا مەيداندىكى پۈتۈن دېھقانلار ئۇ ئېيتقان «چاقۇ ناخشىسى»نى بىرمۇ بىر يادقا ئېلىۋالدى.

دېھقانلار سادىرنى ئېلىپ ماڭغان هارۋا ئارقىسىدىن يول بويى ئەگىشىپ ماڭدى. ئۇلار سادىرغا تۇخۇم، قايماقلارنى يوللۇق تۇتۇشتى. خۇدىيارىيۇزىگە كەلگەندە سادىرنى بىلىدىغان بىرنەچچە دېھقان هارۋا يېنىغا كېلىشكە چېرىكلەر ئۇلارنى ساۋاپ قاتتىق زەخىملەندۈردى. بۇنى كۆرگەن سادىر چىداپ تۇرالماي هارۋا ئارقىسىدىكى ئاتلارنى يېشىۋەتتى. ئاتلار قاچتى. چېرىكلەر ئاتلارنى قوغلاپ كەتتى. سادىر بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ قەپەسكە سېلىنغان قولۇپنى تولغاپ ئېچىپ قاچتى ۋە يېقىن ئەتراپتىكى قومۇشلۇقتا يوشۇرۇن-

دى. چېرىكلەر ئۇنى تۇتالمىدى. خان ياملۇلىدىن چىقىرىلـ-
غان ئەسكەرلەر، ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە تۇتتى، بۇ قېتىم
سادىرنىڭ بۇرنىدىن زىخچا ئۆتكۈزۈپ، زەنجىر بىلەن سۆرەپ
ئېلىپ مېڭىشتى. كۈرە ياملۇلىغا كەلگۈچە ئۇنىڭ ئۇستۇېشى
قىپقىزىل قانغا بويالدى. ئۇ زالىملارنىڭ ۋەھشىيلەرچە قىيـ-
ناشلىرىغا تۆۋەندىكى قوشاقلىرى بىلەن جاۋاب بەردى:

مېنى يالاپ ئېلىپ ماڭدى،
بۇرنۇمغا سېلىپ زىخچا.
ئۇستۇرسەڭمۇ قايتماسمەن،
ئاق خان ئىشلىگەن مىخقا[1].

قەپەسكە سولىۋەتتىڭ،
تۆت تەرەپكە قارايمەن.
ئۆزۈم بۇندا گۇۋاھ بەندە،
بۇلبۇل بولۇپ سايرايمەن.

مېنى سىنىماق بولغان،
خان جياڭجۈن چېغى چاغلىق.
ھەرقانچە زۇلۇم سالساڭ،
ئوغۇل بالىمەن، خاڭرۇق.

1820 ـ يىل كۈزدە، سادىرنى كۈرە ياملۇلىدىن ئۇرۇمـ-
چى ياملۇلىغا ئىككىنچى قېتىم قەپەسكە سېلىپ ئېلىپ ماڭـ-

[1] رۇس مىخى دېگەن مەنىدە.

دى. تەلكە تاغلىرىغا كەلگەندە، ئۇ قەپەس ئىچىدە توختىماي ناخشا ئېيتىپ قوشاق توقۇدى:

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
مېنىڭ ئەسلى ماكانىمدۇر.
نېمە قىلساڭ قىل جياڭجۈن،
سېنىڭ سورار زامانىڭدۇر.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
مەردلىك ياغار چىرايىدىن.
مېنى كۆرمە ئۆلۈمتۈك سەن،
چاپىنىمنىڭ ياماقىدىن.

تەلكىنىڭ تېغى دەيدۇ،
بېشى كۆكنى قۇچاقلايدۇ.
سەن جياڭجۈن بەگ خار كۆرمە،
مېنى ئەل - يۇرت ئۇلۇغلايدۇ.

شۇنداق قىلىپ سادىر 1823 ـ يىلىغىچە توپتوغرا ئۈچ يىل ئۇرۇمچى يامۇلىدا ياتتى.

# ئۈرۈمچى يامۇلىدىن قېچىش

چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى سادىرنى ئۆز يۇرتىدىن ئايرىپ، ئۈرۈمچى يامۇلىغا قاماپ قويۇپمۇ ئۇنىڭ قايناپ تۇرغان ئىسيانكار روھىنى بوشاشتۇرالمىدى. ئۇ ئۈرۈمچى تۇرمىسىدە ئېزىلگەن ھەر مىللەت پەرزەنتلىرى بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ كۈرەش سەرگۈزەشتلىرىنى ئاڭلىدى، نەزەر دائىرىسى تېخىمۇ كېڭەيدى. ئۇ چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ زۇلۇمى يالغۇز موللىتوختىيۇزىدىلا ئەمەس، ۋەتەننىڭ ھەممىلا يېرىدە بار ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆزى ياشاۋاتقان زېمىننىڭ «ئىلى ئالەم» بىلەنلا چەكلەنمەيدىغانلىقىنى بىلدى. شۇنداقلا مەھبۇسلارغا ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقماسلىقى، مەردلىكى، باتۇرلۇقى، ناخشىچى ھەم قوشاقچىلىقى بىلەن چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ئۇنىڭ تۇرمىدە ئىجاد قىلىپ ئېيتقان «بىر مەسلەك ناخشىسى» مۇنداق ساقلىنىپ قالغان:

كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى،
ئۆزگە يۇرت قاياشلارى.
تۇغقاندىنمۇ چارىكەن،
بىر مەسلەك باغاشلارى.

زىندان ئىچى قاراڭغۇ،
چىراغ نۇرى يورۇتالماس.
بىز تۇغقانلار بىر بولساق،
تۆمۈر چىشلار پاتالماس.

ھېلىم ـ سېلىم بىر تۇغقان،
تاغ ئارتىلىپ سىز چىققان.
تەيپۇنەملىك يارانلار،
بىز بىر يەردە ئۇچراشقان.

خان جياڭجۇنىڭ يامۇلى،
بىزنى قىلدى بىر تۇغقان.
بىر ياقىدىن باش چىقسا،
دۈشمەن بولىدۇ يەكسان.

كېيىن ئۇ تۈرمىدە بىللە ياتقان خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى يەن سېن، فى تامۇ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭلىق ھېلىم ـ سېلىم-لار بىلەن بىر كېچىدە تۈرمىدىن قېچىپ چىقتى. يەن سېن، فى تامۇلار ماناستىكى خۇيزۇ قوزغىلاڭچىلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ يۈردى.

ھېلىم ـ سېلىم، سادىرلار ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىش ئۈچۈن يول راسخوتلىرىنى ھازىرلىيالماي خىلمۇخىل ئىشلارنى قىلىشقا مەجبۇر بولدى. بۇ ھەقتە سادىر مۇنداق قوشاق توقۇدى:

يامۇلدىن قېچىپ چىقىپ،
ئۆز يۇرتقا كېتەلمىدۇق.
ھەرقانچە قىلغان بىلەن،
مەقسەتكە يېتەلمىدۇق.

قونغان يېرىمىز تاشلىق،
قىينىدى قورساق ئاچلىق.
تىلماچلىق قىلىپ بەزەن،
بولۇۋالدۇق چېرىك باشلىق.

1826 ـ يىلى كۈزدە گەنسۇ، شەنشى ئۆلكىلىرىدە چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئۇ-نىڭ تەسىرىدە يەن سېن، فى تامۇلار 1827 ـ يىلىنىڭ يانۋار ئېيىدا ئۇرۇمچى ھەم ماناستىكى خەلقنى تەشكىللەپ قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇلار چىڭ سۇلالىسى ئەسكەرلى-رى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. بىر قىسىم خۇيزۇ قوزغىلا-ڭچىلىرى قاچقاندا سادىر ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئىلىغا قايتىپ كەلدى.

# قازانچى جىلغىسىغا يىغىلغان «قاچاق» لار

1818 ـ يىلىدىن باشلاپ ئىلى ۋىلايىتى بويىچە تاغقا قاچقانلارنىڭ سانى ئەللىك كىشىدىن ئېشىپ كەتكەنىدى. قازانچى ساپ هاۋالىق ۋە بېكىنىشكە ئەپلىك بىر جاي ئىدى. ئېگىز داۋان، تار ساي، قېلىن چاتقاللىققا جايلاشقان بۇ جاي «قاچاقلار» نى چېرىكلەرنىڭ هۇجۇمىدىن ئوبدان مۇهاپىزەت قىلالايتتى.

«قاچاقلار» قازانچىغا ئورۇنلاشقاندىن بېرى تەشكىللىنەلمىگەنىدى. چۈنكى ئۇلارغا باشچى بولىدىغان ئادەم تېخى ئۇلارنىڭ ئىچىدە يوق ئىدى. پەقەت ياشتا هەممىدىن چوڭ هەم نامرات تۆمۈرچى ئائىلىسىدىن كېلىپ چىققان ئۇچتۇرپانلىق قاۋۇل چامباشچى مامۇت «قوتاز» لا: «تۇغقانلار، مۇشۇنداق يېتىۋېرەمدۇق» دەپ قوياتتىيۇ، ئۇنىڭدىن ئارتۇق بىرنېمە دېمەيتتى. مامۇت قوتاز بالىلىق دەۋرىدىن باشلاپلا ئېزىلگەن، خورلانغان، سەرسانلىق ئازابىنى يەتكۈچە تارتقىنىغا هەم ئۆزىنىڭ يەتمىش بەش ياشقا كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئىنتايىن تېتىك، ساغلام ئىدى. ئۇ ئون توققۇز يېشىدا چارەك پاتمان تۆمۈرنى كۆتۈرۈپ، «قوتاز» دەپ نام ئالغان. 1759 ـ يىلى ئۇچتۇرپان قوزغىلىڭىغا قاتناشقان،

شۇ قوزغىلاڭدىن كېيىن مانجۇلارغا ئەسىرگە چۈشۈپ ئىلىغا ھەيدەلگەن، ئۇ تۈرمىدىن قېچىپ، يەنە قولغا چۈشۈپ، چىبىقلەر تەرىپىدىن كەينىگە ياندۇرۇلغان يېرىدە سادىر ئۇ-نىڭغا ئۇچراپ قېلىپ، ئۇنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان؛ شۇنداقلا ئۇنى قازانچى جىلغىسىغا ئورۇنلاشتۇرغانىدى.

سادىر بىلەن قەشقەر قوزغىلاڭچىسى ھېلىمنىڭ بىللە كېلىشى قازانچى «قاچاق» لىرىنى ئىنتايىن خۇشال قىلىۋەت-تى. بولۇپمۇ ئىككىيلەننىڭ يولدا چېرىكلەردىن بىرنەچچىنى ئۆلتۈرۈپ ئولجا ئالغان قورال - ياراغ، ئات - ئۇلاغلىرىنى تويقا ئۆتۈنۈپ بېرىشى ئۇلارنى تېخىمۇ ئىلھاملاندۇردى.

— مانا ئەمدى بىزگە باشلىقمۇ تېپىلدى، — دېدى ماموت قوتاز خۇشال بولۇپ، — قورال - ياراغمۇ كەلدى. ئەمدى قىساس ئېلىشىمىز كېرەك.

ھەممەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى ۋە سادىرنى ئۆز-لىرىگە باشلىق قىلىپ، قىساس ئېلىش يولىدا قەسەمياد قىلىشتى. سادىرنىڭ يېتەكچىلىكىدە دەسلەپكى قەدەمدە بىر-نەچچە ئون ئۆڭكۈردىكى «قاچاقلار» دىن قوزغىلاڭچىلار ئەت-رىتى تەشكىللەندى. بۇ چاغدىكى ئەترەتنىڭ ئاساسىي بازىسى — قازانچىدىكى ئۆڭكۈرلەر ئىدى. بۇ يەر 1760 - يىلى جەنۇب-تىن كۆچۈرۈلگەنلەر ئورۇنلاشقان تاشئۆستەڭ مەھەللىسى-نىڭ تۆۋەن قىسمى ئىدى. ئۆڭكۈر بولسا شۇ يەردىكى تاغ تىزمىسىدىن بىر يۈز ئەللىك مېتىر تۆۋەنگە جايلاشقان. ئۇنىڭ يېنىدىن بىر يۈز ئەللىك مېتىر ئېگىزلىكتىن چۈشى-دىغان شارقىراتما ئورۇن ئالغان، ئەتراپى بولسا كەڭ مەيدان ئىدى. ئۇنى «قاچاقلار» ھەم كېيىنكى كىشىلەر «سادىر ئۆڭكۈرى» دەپ ئاتاشقان. چۈنكى سادىر باشلىق بولغان كۈندىن ئېتىبارەن بۇ ئۆڭكۈرنى ئوق - دورا، قورال - ياراغ،

يېمەكلىك ساقلايدىغان ئامبار قىلىپ بېكىتكەن، ئۆزىمۇ تولا چاغلاردا بۇ ئۆڭكۈردە ئىش بىجىرگەن. بۇ ھەقتە ئۇ مۇنداق قوشاقلارنى توقۇپ، ناخشا ئېيتقان:

تاش كامىرىدا ياتسام،
ھۇۋقۇشلار ئۇۋام دەيدۇ.
مەن بۇندا گۇۋاھ بەندە،
باللىرىم نېمە يەيدۇ.

ئۆڭكۈر باشىدىكى قاردىن،
بىر يەڭ سۇ چۈشۈر پەسكە.
ئېگىزدە ماكان تۇتۇق،
ئەزىزلەر بىزدىن پەستە.

تاش كامىرىدا ياتسام،
دەيدۇ «سادىر ئۆڭكۈرى».
چېرىكلەر قوغلاپ چىقسا،
قېزىلار بۇندا گۆرى.

# گۈلماڭا بىلەن ئېلىشىش

سادىر ئىككىنچى قېتىملىق ھۇجۇمغا ئۆزى باشلامچى-
لىق قىلدى. ئۇ بۇ چاغدا چامباشچى ماموت قوتازدىن ئۆگەن-
گەن قىرىق خىل ھۇنىرىنى كۆرسەتتى. ئادىمى ئاز ھەم
تەجرىبىسىز قوزغىلاڭچىلار، كۆپ چىقىمغا ئۇچرىدى، شۇ
سەۋەبلىك سادىر يەككە ئېلىشىش ئۈچۈن مەيدانغا ئۆزى
چۈشتى. دەل مۇشۇ پەيتتىن پايدىلانغان دارىن ئۇنى تىرىك
تۇتۇشنى بۇيرۇق قىلدى. لېكىن چېرىكلەر سادىرنىڭ خىل-
مۇخىل گۇمپىلىرىنى كۆرۈپ تولىمۇ قورقۇپ كېتىشكەچ-
كە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇيرۇقنى
پەقەت شىبە ليەنىدىن گۈلماڭا دېگەن شىبە چېرىك قوبۇل
قىلدى. دارىن بۇ جىددىي پەيتتە قاچاقنى قاچاقا سېلىشقا
مەجبۇر بولدى. بۇ گۈلماڭا غەلىبە قىلسا باغلاقلىق ھېۋىزد-
خاننى ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىدىغانلىقىنى، نام - مەنسەپمۇ
بېرىدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. گۈلماڭا ئىككى قىلىچنى ئىككى
قولىغا ئېلىپ سادىر بىلەن يەكمۇ يەك ئېلىشىشقا چىقتى.

ئۆڭكۈر ئاستىدىكى سەينادا بولۇۋاتقان مانجۇچە گەپلەر-
دىن سادىر تولۇق خەۋەر تاپقاچقا، ئۆزى بىلەن ئېلىشماقچى
بولغان گۈلماڭانىڭمۇ ئۆزىدەك «قاچاق» لىقىغا ئىشىنىپ ئۇ-
نىڭغا يول قويدى ھەم بىرىنچى بولۇپ گەپ ئاچماق تۇگۇل،
قولىغا قىلىچمۇ ئالمىدى، باغلاقلىق ھېۋىزخاننى كۆرۈپ
تۇرسىمۇ ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدە ئويلانمىدى. دەسلەپ گۈل-

ماڭا ئۆنىڭغا قىلىچ ئۆردى. سادىر ئۆزىنى قوغداپ ئۆنىڭ
قىلىچىنى سۇندۇرۇۋەتتى. گۆلماڭا ئىككىنچى قېتىم قىلىچ
ئۆردى. سادىر ئۆنىمۇ سۇندۇردى. چولاق قىلىچتا داجىپ
قالغان گۆلماڭانىڭ دارىن ئالدىدا ئازار يېمەسلىكى، «قاچاق-
نىڭ قاياشى قاچاق» ئىكەنلىكىنى ئويلىغان سادىر ئۆزىنىڭ
ساق قىلىچىنى ئۆنىڭغا بەردى. گۆلماڭا ئۆنىڭ بىلەنمۇ ئامال
قىلالمىغاندا، ئاخىر ئۆز قولىنى ئۆزى كەينىگە تۆتۆپ «قا-
چاق بولغانلىقىڭ ئۆچۆن سەن ئۆزۆڭ قولۆمنى باغلا» دەپ
قولىنى باغلاتقۆزدى ـ دە، ئالدىغا چۆشۆپ ماڭدى. گۆلماڭا
سادىرنى تۆتقانلىقى ئۆچۆن ليەن باشلىقى بولدى ۋە ھېۋىزد-
خانغا ئېرىشتى. سادىر ھېۋىزخان بىلەن تۆۋەندىكى قوشاقنى
توقۆپ خوشلاشتى:

بۆ تاغلار تونۆش تاغلار،
مەڭگۆگە ئاداشىمدۆر.
قول سالسا سىلمۆەرسۆن،
قاچاقلار قاياشىمدۆر.

ھەيۋەتلىك قىيا تاشلار،
يامغۆر سۆيىدە يېرىلار.
سەن تۆرساڭ تىك باغلاقلىق،
سادىرىڭ قانداق چىدار.

قاشىڭ قارىسى سەندە،
ئۆزۆڭدىن ئۆكسۆپ يۆرمە.
قارا خان بىلەن ئۆنى،
مەڭگۆلۆك ئاداش كۆرمە.

# قۇمۇل يامۇلىدا

1828 ـ يىلى قىش، مانجۇ ھۆكۈمىتى سادىرنى خان كۆرە يامۇلىدىن قۇمۇل خان يامۇلىغا يۆتكىدى. سادىر ئىك- كىنچى قېتىم قەپەسلىك ھارۋىغا سېلىنىپ تەلكە تاغلىرىدىن ئۆتتى. ئۇ قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شىۋىرغانلىرى- نى قەپەسلىك ھارۋىدا ئولتۇرۇپ قوشاق قېتىپ ئۆتكۈزدى:

يىلان باغرىدەك يوللار،
يۇرتۇمنىڭ ئىز قاشقىسى.
ماڭا قىلچە بىلىنمەس،
ئەل ئىشقىدىن باشقىسى.

تەلكە تاغلىرى دەيدۇ،
تەڭرى تاغلىرى دەيدۇ.
قارا خانغا دەرد تۆكسەڭ،
بىر دەملىك لەببەي دەيدۇ.

تارتقىنىم جەبىر ـ زۇلۇم،
مىڭ ئۆلۈپ تىرىلدىم مەن.
دەرد كەلسە كېلىۋەرسۇن،
يولۇم ھەق كىرىلدىم مەن.

قىش، بوران، شىۋىرغاندا،
ناخشامغا رۆجەك ياخشى.
جىنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى،
تۆمۈر هارۋا داق - دوقى.

سادىر يەنە يول بويى خوتۇن - بالىلىرىنى سېغىنىپ قوشاق توقۇپ ماڭدى:

سادىر دەپ ئېتىم قالدى،
داڭزىندا خېتىم قالدى.
خېتىمنى ئوقۇپ باقساڭ،
بەش بالام يېتىم قالدى.

مېنى قۇمۇلغا پالايدۇ،
هېۋىزىخان توقاچ ياققىن.
بەش بالام يېتىم قالدى،
تېنەتمەي ئوبدان باققىن.

بەش بالامنىڭ ئىچىدە،
چوڭى پەنىنامە ئوقۇيدۇ.
مېنى مويتۇڭزىدا چاپسا،
تېنىمنى قاغا چوقۇيدۇ.

ئاققان قانلىرىم قىزىل،
تامچىسىغا قۇياش خىجىل.
بىر ئەمەسمەن ئەل ئىچىدە،
مىڭلاپ چىقار سادىر، بىل.

سادىرنىڭ مىنگەن ئېتى،
ساغرىسىدا ئالىسى.
ئىلىدا خوتۇن قالدى،
قۇچىقىدا بالىسى.

سادىر 1828 ـ يىلىدىن 1830 ـ يىلىغىچە ئىككى يىل قۇمۇل خان يامۇلىدا ياتتى. بۇ يەردىمۇ ئۇ كۆپلىگەن بىگۇناھ مەھبۇسلار بىلەن ئۇچراشتى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سادىرغا ئالاھىدە تەسىر كۆرسەتكەن مەھبۇس گاڭباقى ئىدى. گاڭبا-قى قۇمۇللۇقلار ئىچىدىكى تورپاقلار ئۇرۇقىدىن بولۇپ، ۋاڭنىڭ ياسىقىغا مەڭگۈ دارخان بولغان قۇل ھىۋەيدۇلىنىڭ يالغۇز ئوغلى ئىدى. ئۇ كىچىكىدىن تارتىپلا ئوۋچىلىق قىلاتتى. ياز كۈنلىرى باغداشتا، قىش كۈنلىرى لاپچۇقتا ئوۋ قىلاتتى. ئۇ ئون سەككىز يېشىدا بىر يولۋاس بىلەن ئېلىشىپ پۈتۈن ئون ئىككى تاغ ئارىسىدا داڭق چىقارغانىدى. مانا شۇنداق تاغۇ تاش ئارىلاپ يۈرگەن بۇ پالۋان يىگىت ئاتىسىنىڭ دار-خانلىقتا نىمە كۈنلەرنى كۆرۈۋاتقانلىقى بىلەن ئانچە ھېسابلا-شمايتتى.

بىر كۈنى، ئۇ تاغدىن چۈشۈپ ئوردا قوۋۇقى يېنىغا كەلگەندە بىر توپ ئادەمنىڭ قەپەستىكى يېڭى كېسىلگەن باشقا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ئۇ كېلىپلا باشنىڭ ئۆز ئاتىسىنىڭ بېشى ئىكەنلىكىنى تونۇۋالدى ـ دە، شۇ يەردە تۇرغان دورغىدىن بىرنى ئۆلتۈرۈپ، باشقا چېرىكلەرگە ئې-تىلدى. شۇغىنىسى، يالغۇز كېلىپ قېلىپ، قولغا چۈشۈپ زىندانغا تاشلاندى. سادىر زىنداندا ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ ھالىغا ئېچىنىپ مۇنداق قوشاق توقۇدى:

قۇمۇل دېگەن يەردىمۇ،
قازان قۇلىقى تۆت ئىكەن.
زالىم تۇڭچىسى بەگلەر
زۇلۇمىدىن ئۆلگەن كۆپ ئىكەن.

كاللىكېسەر جاللاتنىڭ،
قولىدا نەيزە ـ قىلىچ.
خان داۋزىسى ئالدىدا،
كاللىغا باسار بىدىش.

خان داۋزىسى ئالدىدا،
كۆردۈم بىگۇناھ بىر باش.
ئوغلى ئۇنىڭ گاڭباقى،
ماڭا بولدى قېرىنداش.

# ئۇلغايغان قوشۇن

سادىر ۋە گاڭباقىلار قۇمۇلدىن قايتىپ كەلگەن كۈنى ئىلى مەدرىس جامەسىدە تالىپلار خەتمىدىن ئۆتتۈۋاتقان بىر قېتىملىق يىغىلىشقا قاتنىشىپ قالدى. ئەمدىلا ئون ئۈچ ياشقا قەدەم قويغان بىر بالا تالىپنىڭ جاراڭلىق ھەم تەسىرلىك خەتمىسىنى ئاڭلاشتى. جامائەت بالىنىڭ ئەقىللىقلىقى ھەققىدە غۇلغۇلا قىلىشتى. سادىر بىلەن گاڭباقى سۈرۈشتۈرۈپ، بالىنىڭ موللا يۇسۇپ دېگەن بىر مەرپەتپەرۋەر كىشىنىڭ ئوغلى موللا بىلال ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. ئۇلار:

زۇلۇم بىلەن ئۆتتى خەلقىم،
زۇلۇم ئىچىدە چېكىپ پەرياد.
چىقتى بۇ يولدا كۈر مىڭ،
سادىر ئوخشاش نىياز - پەرھاد.

غازاتقا بەل باغلىساق مەھكەم،
سېلىق - ئالۋاندىن خالىي ياشايمىز.
نىيازلارغا جور بولۇپ ماڭساق،
خان تەختىنى ئۆرۈپ تاشلايمىز.

دېگەن شېئىرنىڭ بالا تالىپنىڭ ئاتىسى موللا يۈسۈپ تەرىپى-
دىن توقۇلغانلىقىنى ئاڭلىدى. لېكىن سادىر ئۆزى توغرىسى-
دا بىر نەرسە ئېيتمىدى. شۇ كۈنى كەچلىكى ئۆز يۇرتى
موللىتوختىيۈزىگە قايتتى، ئۇ يۇرت بوسۇغىسىغا قەدەم قو-
يۇپلا «ئامان بارمۇ؟» دېگەن قوشاقنى توقۇدى:

ئاتىدىن يېتىم قالغان،
ئانىدىن يېتىم قالغان.
يېتىم قالغاندا مەن ئالغان،
ھېۋىزەم ئاتلىق ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئېتىم ئاچ قالدى،
بىر تۇتام سامان بارمۇ؟
ئاغزىمغا ئىلىم سالغان،
ئۇستازىم ئامان بارمۇ؟

ئاق بوز ئاتقا نان بەرگەن،
تورۇق ئاتقا چۆپ بەرگەن؟
سادىر ئۈچۈن جان بەرگەن،
ھېۋىزەم ئامان بارمۇ؟

ئۆينىڭ تۆرىدە تۇرۇپ،
چاشقاننى ماراپ ياتقان.
كالا گۆشىنى تەڭ يېگەن،
مۈشۈكلىرىم ئامان بارمۇ؟

بوسۇغامنى بېسىپ ياتقان،
جاپايىمنى تولا تارتقان.
كېچە ـ كۈندۈز قاۋاپ ياتقان،
بويناقلىرىم ئامان بارمۇ؟

چوڭ ئاكامنىڭ باللىرى،
مېنى كىچىك دادام دەيدۇ.
مېنى كىچىك دادام دېگەن،
قۇلۇنلىرىم ئامان بارمۇ؟

ئوقۇردا كىشنەپ تۇرغان
تورۇق ئېتىم ئامان بارمۇ؟
جاپايىمنى تولا تارتقان،
ھېۋىزەم ئامان بارمۇ؟

ئالتىنچى ئاينىڭ ۋاقتىدا،
مېۋە ـ چېۋە پىشىدۇ.
ئۆزى پىشىپ، ئۆزى چۈشكەن،
ئالما ـ ئۆرۈك ئامان بارمۇ؟

1835 ـ يىلىدىن 1840 ـ يىلىغىچە سادىر قازانچىدىكى قوزغىلاڭچىلار ئەترىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى، تەرەپ ـ تەرەپتە كۆتۈرۈلگەن دېھقانلار قوزغىلاڭلىرىنىڭ باشچىلىرى بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورناتتى. ئەترەت ئەزالىرىنى كۆپەيتتى. تاغلاردا پارتىزانلىق ئۇرۇش ئېلىپ باردى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە كۆرە يامۇلى ھەم ئىلى يامۇلىغا ئۇچ قېتىم

سولاندى. ئۇچىلا قېتىمدا ئۆز قوشۇنىدىكىلەر تەرىپىدىن قۇتۇلدۇرۇلدى. بۇ جەرياندا «سادىر پالۋان ناخشىلىرى» دېگەن نام بىلەن ئاتىلىدىغان قوشاق ـ ناخشىلارنى يۇرت ـ يۇرتتا ئېيتىپ، خەلقنىڭ زۇلۇمغا قارشى ئېڭىنى ئۆستۇر-دى. ئۆزىنىڭ سۆيۈملۈك نامىنى تەرەپ ـ تەرەپكە تارقاتتى. ئۇنىڭ قوشۇنىغا شەھەر ـ يېزىلاردىن ھەتتا جەنۇبىي شىنـ-جاڭدىن كەلگەنلەرمۇ قوشۇلدى. ئۇ بۇ ھەقتە مۇنداق قوشاق توقۇدى:

بۇغدايچى دېمەڭ بىزنى،
قەشقەرلىك دېمەڭ بىزنى.
تۇغقاننى بۆلۈپ تاشلاپ،
ئۆز كۆرمەڭ ئەزىزلەرنى.

تاغنىڭ ئارقىسى دەيدۇ،
ئىلىخو دېگەن يەرنى.
شە ئايرىپ ئاﻻلمايسەن،
بوينۇڭدىكى سالمىنى.

ئۆستەڭنى چېپىپ قويدى،
مەمتىمىن ھېكىم باشلىق.
خان جياڭجۈننى يوقاتساق،
بىزنىڭ بولىدۇ ئاشلىق.

# مالخاي بىلەن ئالداش

سادىر قوموُلدىن قايتىپ كېلىپ قازانچىدا بىر زامان پاناھلانغاندىن كېيىن، باللىرىنى كۆرۈپ چىقىش ئۈچۈن يېزىغا چۈشكەنىدى. دۈشمەنىڭ ئايغاقچىلىرى بۇ خەۋەرنى شۇ كېچىسىلا شەھەرگە يەتكۈزدى. تاڭ ئالدىدا يېتىپ كەلگەن چېرىكلەر سادىرنى ئوُخلاپ ياتقان يېرىدىن تۇتۇپ كېتىپ، دۆڭكيامۇلغا قامىدى. ئۇ بىرەر ئايچە ياتقاندىن كېيىن بۇ يامۇلنىمۇ تېشىپ قاچتى. بۇ سادىرنىڭ دۆڭكيامۇلنى ئىككىنچى قېتىم تېشىپ قېچىشى ئىدى.

سادىر دۆڭكيامۇلدىن قاچقاندا ئەتراپنى تاڭ ئالدىدىكى قاراڭغۇلۇق باسقانىدى. ئۇ يالىڭاياغ ئىدى. تاڭ يورۇغىچە شەھەردىن يىراقلاپ ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش ئۈچۈن پۇتىغا تاش پېتىپ، تىكەن سانجىلسىمۇ پەرۋا قىلماي، خۇدىيارىيۇزى يېزىسىغا قاراپ قېچىۋەردى. ئۇ بەزىدە ھارۋا چاقى كاتاڭ قىلىۋەتكەن يولغا، بەزىدە بۇغدايلىرى ئالدىقاچان ئورۇۋېلىنغان ئېتىزلىقتا چىقىپ قالاتتى. ئۇ مىڭ بىر مۇشەققەتتە خۇدىيارىيۇزى يېزىسىنىڭ يۇقىرىسىدىكى ساي بويىغا بارغاندا تاڭ يورۇپ قالدى. ئۇ ئەمدىساينى بويلاپ شىمالغا قاراپ يول ئالدى. ئۇ بۇ ساي يولى ئارقىلىق غول ئىچىگە كىرىۋېلىشنى ئويلايتتى.

سادىر شۇنى قىياس قىلالىتتىكى، كۆزەتچىلەر ئۇنىڭ قاچقانلىقىنى تاڭ يورۇغاندا سېزەلەيتتى. ئۇلار سادىرنىڭ قاچقانلىقىنى دارېنلىرىغا خەۋەر قىلىپ ئۇنى تۇتۇش ئۇچۇن ئاتلىنىپ چىققىچە خېلى ۋاقىت ئۆتەتتى. سادىر شۇنىڭغىچە غول ئىچىگە كىرىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەمما ئۇ كۆزلە-گەن يېرىگە يەتمەي تۇرۇپ، چېرىكلەرنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتـ-قانلىقىنى تۇيۇپ قالدى. يىراقتا ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تېۋۇ-شى ئاڭلاندى. ئۇ يۈگۈردى، تاپىنىغا تاشلار، چاۋا ـ چاتقال-لار پېتىپ ئاغرىتىۋەتتى. تىنىقىمۇ تېزلىشىپ هاسىراپ قالدى. لېكىن، ئۇ چىشىنى چىشىغا بېسىپ يۈگۈرۈۋەردى.

كۆزەتچىلەر سادىرنىڭ قاچقانلىقىنى ئۇ مۆلچەرلىگەن ۋاقىتتىن بۇرۇنراق سېزىشكەنىدى. شۇڭا چېرىكلەر تاپ باستۇرۇپ كېلىپ قالدى، سادىر كۆزلىگەن غولغا كىرمەي تۇرۇپلا چېرىكلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنۈپ قالدى. ئاتلارنىڭ دۈپۈرلىگەن تېۋۇشى تېخىمۇ يېقىندىن ئاڭلىنىشقا باشلىدى. سادىر پات ـ پات كەينىگە قاراپ يۈگۈرۈشنى داۋام ئەتتى. ئۇ بىر چاغدا بىر ئاتنىڭ هەممىدىن تېز كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى. غول ئاغزىغا يېقىنلاپ قالغان سادىر ئاخىرقى قېتىم ئارقىسىغا قارىغاندا، هېلىقى ئاتلىق يېقىنلاپ كېلىپ قالغا-نىدى.

سادىر غولغا كىردى. ئۇ تاشلىقتا يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئەتراپقا سىنچىلاپ قارايتتى، يوشۇرۇنغۇدەك بىرەر جاينىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى تىلەيتتى، لېكىن قېرىشقاندەك بۇنداق ئەپلىك جاي ئۇچرىمايتتى.

سادىرنىڭ ئالدىدا بىر دۆڭ كۆرۈندى. ئۇ دۆڭگە چىققان-دا تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ قالدى ـ دە، يېقىنلاپ قالغان

چىرىك ئۈنىڭغا ئوق چىقاردى. خۇداغا شۈكۈر، ئوق تەگمە-
دى. چىرىك مىلتىقىنى ئىككىنچى قېتىم ئوقلىغىچە سادىر
دۆڭدىن چۈشۈپ بولدى. دېمى سىقىلىپ كېتىۋاتقان سادىر
توساتتىن ئوڭ تەرەپتىكى ئارچىنى كۆرۈپ قالدى. ئارچا
كەڭرى يېيىلىپ ئۆسكەنىدى. سادىر ئويلىنىپمۇ تۇرماي
ئۆزىنى ئارچىلىققا ئاتتى ۋە ئۇنىڭ ئارىسىغا كىرىپ يوشۇرۇ-
نۇۋالدى. شۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر ئەقىل كەلدى.

ئارچا چىغىر يولغا يېقىنلا يەردە ئىدى. ئات چوقۇم شۇ
يولدىن ئۆتىدۇ دەپ پەرەز قىلدى سادىر. چېپىپ كېلىۋاتقان
چىلان تورۇق دۆڭگە چىقتى. چىرىك سادىرنىڭ تاشلىقتا
غايىب بولغانلىقىنى سېزىپ، ئاتنى توختاتماقچى بولۇپ يۈ-
گەننى تارتىۋىدى، بولمىدى. تېز كەلگەن ئات دۆڭدىن بېشى-
نى ئوڭ تەرەپكە بۇرىغانچە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئارچىغا
يېقىنلاپ كەلگەندە سادىر چىرىكنى ئاتتىن تارتىپ چۈشۈر-
مەكچى بولۇپ، لوڭڭىدە ئورنىدىن تۇرۇۋېدى، ئۈركۈپ كەت-
كەن چىلان تورۇق سولغا قاچىمەن دەپ ئارچا شاخلىرىغا
پۇتلىشىپ يىقىلدى. بۇ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن سادىر
ئاتقا ئېتىلدى، ئۇ چىرىكنى ئۇرۇپ ھوشسىزلاندۇردى ـ دە،
ئۇنىڭ مىلتىق، ئوق ـ دورىلىرىنى ئالدى. ئاندىن چىلان
تورۇقنى مىنىپ، غولنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچتى.

چىلان تورۇقنىڭ قومۇش قۇلاقلىرى تىككىدە قاتۇرۇپ
قويغاندەك تۇراتتى. بۇرۇن تۆشۈكلىرى بىر كېرىلىپ، بىر
تارىياتتى، خارتىلداپ تىناتتى. تۇياقلىرى تاشقا تەگكەندە
چىققان ئاۋازلار ھاۋادا جاراڭلايتتى. ئۇ قۇيۇندەك تېز چاپات-
تى. سادىر ئۇنى پات ـ پاتلا بىقىنداپ دېۋىتەتتى. تاپ
باستۇرۇپ قوغلاپ كېلىۋاتقان چىرىكلەرنىڭ «قوغلا، تۇت...»

دېگەن ئاۋازلىرى ئەمدى خېلىلا يىراقتا قالدى، ھەتتا بىر ـ ئىككى
پاي ئوق ئېتىۋىدى، ئوقلىرى سادىرغا يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ
ئۇلار قوغلاشنى بولدى قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

سادىر يەنە بىر دۆڭگە دۈچ كەلدى. دۆڭنىڭ ئاستى
ئۇزۇنغا سوزۇلغان ساي ئىدى. چىغىر يولنىڭ ئىككى تەرى-
پىدە تاغ تېرەكلىرى، ئارىلاپ چېتەن، مويىل دەرەخلىرى
كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ساينىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى يانتۇلۇقتا
بىرنەچچە تۈپ قارىغاي بار ئىدى. سادىر توساتتىن قارىغايلار-
نىڭ ئەتراپىدىكى قورام تاشلارنى كۆردى ـ دە، ئاتنىڭ
بېشىنى شۇ ياققا بۇرىدى. بىر شېخى ئېگىلىپ ئۇچى يەرگە
تەككەن مويىلنىڭ تۈۋىگە بارغاندا ئاتتىن چۈشتى. بۇ ئاتنى
يوشۇرىدىغان ياخشى جاي ئىدى. ئۇ ئاتنى مويىلنىڭ ئېگى-
لىپ تۇرغان شېخىغا باغلىدى، ئاياغلىرى دىرىلدەپ تۇرغان
چىلان تورۇقنى ئەمدى پەستە تۇرۇپ كۆرگىلى بولمايتتى.
سادىر قارىغاي تەرەپكە ئۆرلەپ چىقىپ كېلىۋېتىپ، ئاتلار-
نىڭ تۇياق ئاۋازىنى ئاڭلىدى. قوغلاپ كېلىۋاتقانلار ئىككىن-
چى دۆڭدىن چۈشمەكچىدى. سادىر قەدىمىنى تېخىمۇ تېزلى-
تىپ ئۆزىنى قېرى قارىغاينىڭ دالدىسىغا يوشۇردى. ئۇ
يەردىن چېرىكلەر ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى، چېرىكلەر يى-
گىرمىچە بار ئىدى. ئۇلار سادىرنىڭ ئۇدۇلىدىن ئۆتۈپ كەت-
تى ـ دە، خېلى ئۇزاپ بېرىپ توختاشتى. ئۇلار سادىرنىڭ
ئۇشتۇمتۇت غايىب بولۇشىدىن ئەجەبلىنىپ تۆت تەرەپكە سەپ-
سېلىپ قارىشاتتى. تۇيىقى قىزىغان ئاتلار بىر ئورۇندا تۇر-
مايتتى، تىزگىن سېرىپ پۇشقۇراتتى، ئالدى ئاياغلىرىنى
تىك كۆتۈرۈپ ئۆرىدەيتتى، قايسىبىر ئاتنىڭ كىشنىشى ئاڭ-
لاندى. سادىر يوشۇرۇپ قويغان چىلان تورۇقمۇ ئۇنىڭغا
جاۋاب قايتۇرغاندەك كىشنىدى.

چىلان تورۇقنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلىغان چېرىكلەر ئاتـ
لىرىنىڭ بېشىنى بۇراشتى. ئەمدى سادىر يوشۇرۇنۇپ تۇرۇ-
ۋەرسە بولمايتتى. چېرىكلەر ئۇنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقان يېرى-
نى بىلىۋالسىلا ئۇنى تۇتۇشقا ئۇرۇنۇشى چوقۇم ئىدى. شۇڭا
سادىر ئۇلار بىلەن ئېلىشىشقا تەييارلاندى. قارىغايدىن يىراق-
لاپ، چەكمەن تونىنى بىر قورام تاشقا ياپتى. ئۇنىڭ ئۈستى-
گە چاققانلىراق تاشتىن بىرنى تىكلەپ، مالىخىيىنى كىيدۈر-
دى. قورام تاش بەئەينى تىزلىنىپ ئولتۇرغان ئادەمگە ئوخـ
شىدى. سادىر ئۇ يەردىن يىراقلاپ، يەنە بىر قورام تاشنىڭ
كەينىگە يوشۇرۇندى. بۇ يەردىن ساينى ئېنىق كۆرگىلى
بولاتتى. ئۇ مىلتىقىنى ئوقلاپ، دۈشمەننىڭ تاشقا يامىشىپ
چىقىشىنى كۈتۈپ ياتتى.

سادىرنىڭ مالىخىيىنى كۆرگەن چېرىكلەر چۇقان كۆتۈ-
رۈشۈپ، دۆڭگە قاراپ ئات سېلىشتى. مالىخايغا قارىتىپ
ئوق ئېتىشتى. ئۇلار ئۆز تىللىرىدا:

— ئەنە قاچقۇن، ئەنە، ئەنە... ئۇنى ياردار قىلىپ
تۇتايلى... بېشىغا ئاتماڭلار... ئۆلمەيدىغان يېرىگە...، — دەپ
ۋارقىرىشاتتى.

ئوقلار پاڭ ـ پۇڭ قىلىپ ئېتىلىپ تۇراتتى، تاشقا
تەگكەندە «جىز ـ جىز» قىلىپ ئاۋاز چىقىراتتى. ئەجەبلىـ
نەرلىكى شۇكى، مالىخاي شۇ پېتى تۇراتتى. بۇ ئىشنىڭ
سەۋەبىنى چۈشىنەلمىگەن چېرىكلەر چۆچۈشۈپ، ھەر خىل
ئويدا بولۇشتى.

— ياپىر، مۇنداقمۇ ئادەم بولىدىكەن ـ ھە! شۇنچە ئوق
تېگىپمۇ ھېچنېمە بولماي پەرۋاسىزلا تۇرىدۇغۇ.

— دېمىدىممۇ، ئۇ ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس دەپ. ئۇ
يېقى جەنۇب، بۇ يېقى شىمالدىكى قاچاقلار بىلەن سوقۇشۇپ

يۇرۇپ، بۇنداق يامان قاچاقنى كۆرمەپتىكەنمەن. . .

— ئاغىنىلەر، بىر قىسمىمىز ئۇنىڭغا يوشۇرۇنچە يېقىنلىشايلى، بولمىسا ئۇ بىزنى قىرىۋېتىدۇ.

دېگەندەك، سادىر چەنلەپ تۇرۇپ ئېتىشقا باشلىدى. چېرىكلەر ئالدانغانلىقىنى شۇ چاغدىلا بىلدى. لېكىن سادىرنىڭ قەيەردە تۇرۇپ ئېتىۋاتقانلىقىنى دەرھال بىلىشەلمىدى. چېرىكلەر ھوشىنى تېپىپ بولغۇچە ئۈچ چېرىك ئاتتىن غۇلاپ چۈشتى. يۇقىرى ئۆرلەشكە پېتىنالمىغان چېرىكلەرنىڭ ئاتلىرى كەينىگە يانغىلى تۇرۇۋېدى، سادىر ئورنىنى يۆتكەپ مالخىيى كىيدۇرۇلگەن تاش تەرەپكە يۈگۈردى. ئۇنى كۆرگەن چېرىكلەر:

— ئەنە، ئەنە ئۇ قاچقۇن! — دەپ ۋارقىراشتى.

چېرىكلەر يەنە ئاتلىرىنىڭ بېقىنىغا تېپىپ يۇقىرى ئۆرلەشكە مەجبۇر بولۇشتى. سادىر قورام تاش دالدىسىدا يوشۇرۇنۇپ يېتىپ، چېرىكلەرنى بىر - بىرلەپ چەنلەپ ئاتقىلى تۇردى. . .

ئۇرۇش ئۇزۇن داۋام قىلمىدى. سادىر بەشچە چېرىكنى يەر چىشلەتتى، يەنە شۇنچە چېرىكنى يارىدار قىلدى. يېرىم كۈچى تالاپەتكە ئۇچرىغان چېرىكلەرنىڭ ئىچىگە قورقۇنچ چۈشتى ئۇلار ئالدى - كەينىگە قارىماي تىكىۋەتتى.

ئۇلار چېكىنىپ كۆزدىن غايىب بولغاندا، سادىر ئولجىغا چۈشكەن قاشقىلىق چىلان تورۇقنى مىنىپ، قازانچى جىلغىسىغا قاراپ يول ئالدى.

قاراڭغۇ چۈشكەندە قازانچىدا بىرنەچچە يەرگە گۈلخان يېقىلدى. شۇ گۈلخانلارنىڭ بىرىنىڭ ئەتراپىدا سادىر ئونچە كىشى بىلەن چۆرىدەپ ئولتۇراتتى، لاۋۇلداپ كۆيۈپ تۇرغان ئوتنىڭ قىزغۇچ شولىلىرى ئۇلارنىڭ يۈزىنى قىزارتىپ يو-

رۇتۇپ تۇراتتى. بۇك ـ باراقسان قارىغايزارلىقتىن كۆتۈرۈ-
لۈۋاتقان ئوت ئۇچقۇنلىرى هاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ يۇلتۇزلارغا
قوشۇلۇۋاتقاندەك مەنزىرە هاسىل قىلغانىدى..

سادىر ئەتراپىدىكىلەرگە بۇگۈن سەهەر دۆڭيامۇلدىن
قانداق قاچقانلىقى، چېرىكلەرنى قانداق ئالدىغانلىقىنى قىزى-
قارلىق قىلىپ سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. ئۇ چېرىكلەر بىلەن
قانداق سوقۇشقانلىقىنى سۆزلىگەندە مۇنۇ قوشاقنى ئېيتتى:

قار كېچىپ تولا مېڭىپ،
ئۆتۈكۈمنى هۆل قىلدىم.
تاشقا مالىخاي كىيگۈزۈپ،
چېرىكلەرنى گۆل قىلدىم.

بۇ قوشاقنى ئاڭلىغۇچىلار هۇزۇرلىنىپ كۈلۈشتى.
— ياشا، پالۋان، ياشا!
— ئۆلمە، هوي!
— پاھ كېلىشتۈرۈپسەنغۇ...، — دېيىشتى ئۇلار سا-
دىرنى ماختاپ.

# ئەل قىساسى مىنەل ھەق

مەمتىمىن ھېكىم بىلەن خالزات ھېكىم ئۆز ئەجىلى بىلەن ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كېتىپ، كۈندىن ـ كۈنگە كېڭىيىۋاتقان غۇلجا شەھىرى ۋە ئۇنىڭغا تەۋە يېزىلار ھاكىمـ بەگسىز قالدى. سېلىقنى تۆلىيەلمەي قازانچى جىلغىسىغا قېچىپ بېرىۋالغۇچىلارمۇ بارغانسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ئۇلارنى باستۇرۇش ئۇچۇن، پات ـ پات چېرىك چىقىرىشمۇ كار قىلمىدى. چېرىكلەر ئازراق چىقسا قاچاقلار سوقۇشاتـ تى. چېرىكلەر كۆپلەپ چىقسا ئۇلار تەرەپ ـ تەرەپكە قېچىپ كېتەتتى. چېرىكلەر قايتىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇلار يەنە قازانچى جىلغىسىغا بىر ـ بىرلەپ قايتىپ كېلىشەتتى. سەللا سەۋەنلىك ئۆتۈلسە، كورەدىكى جياڭجۈن مەھكىمىسىنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدىغان يانغىن پەيدا بولۇشى كۆرۈنۈپلا تۇراتـ تى. ئىلى جياڭجۈنى بۇنى ياخشى چۈشىنەتتى. ئۇ ئىلىنىڭ بەگسىز قېلىۋېرىشىمۇ شۇنداق يانغىنغا سەۋەبچى بولۇپ قېـ لىشى مۇقەررەر دەپ ئويلايتتى. شۇڭا ئۇ ئىلىغا كىمنى ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەش توغرىسىدا يولىيورۇق سوراپ بېيجىڭ خانىغا خەت ئەۋەتتى. بېيجىڭ خانىدىن يارلىقمۇ كەلدى. شۇ كۈنى ئىلى جياڭجۈنى مەسلىھەتچى دارىن ـ ئەمەلدارلىرىنى ئۆز ئوردىسىغا يىغىپ، خاننىڭ يارلىقىنى

ئوقۇپ بەردى. خان يارلىقىدا ئىلىنى ھاكىمبەگسىز قالدۇ-رۇشقا بولمايدىغانلىقىنى، جەنۇبتىن ئىلىغا ئاھالە يۆتكەشتە كۆرسەتكەن خىزمىتى تۈپەيلى خان تەرىپىدىن ئىلىغا تۇنجى بەگ قىلىپ تەيىنلەنگەن مۇسا گۇڭ ئەۋلادىنى ئىزدەپ تې-پىپ، ئىلىغا ھاكىمبەگ قىلىپ تەيىنلەش لازىملىقىنى ئېيت-قانىدى. جياڭجۈن يارلىقنى ئوقۇپ بولۇپ، ھۇزۇرىدا ئول-تۇرغانلارغا بىرمۇ بىر قاراپ چىقتى ـ دە:

— خاننىڭ يارلىقىنى ئاڭلىدىڭلار... قېنى مۇسا گۇڭ ئەۋلادىنىڭ قەيەردىلىكىنى قايسىڭلار بىلىسىلەر؟ — دەپ سورىدى. ئوردا ئىچىدە غۇلغۇلا باشلاندى. جياڭجۈن كۇرە دارىنىنىڭ گېپىگە قىزىقىپ قۇلاق سالدى.

— بىر چاغدا ياگۇر دېگەن تۇڭگان بىلەن مەزەمزات دېگەن قۇتراتقۇچى بىر ئۆيدە ياتقانىدى. ئۇلار تۇرمىدىن قاچقاندا ياگۇر قېچىپ قۇتۇلۇپ، مەزەمزات قولىمىزغا چۈش-كەنىدى. بىز ئۇنى سوراق قىلغاندا دېگەن بىر گېپى ئېسىم-گە كېلىۋاتىدۇ، جانابلىرى، دېسەم قانداق؟

جياڭجۈن ئۇنىڭ دۇدۇقلاپ سۆزلىشىدىن خاپا بولغان بولسا كېرەك، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى. بۇ ھالدىن چۆچۈ-گەن كۇرە دارىنى جياڭجۈنگە قورقۇپ قارىدى، باشقىلارمۇ تىمتاس بولۇپ بىر ـ بىرلىرىگە قاراشتى. كېيىن ھەممەي-لەننى ھەيران قالدۇرۇپ، جياڭجۈننىڭ چىرايىدا تەبەسسۇم كۆرۈندى، ئۇ كۇرە دارىنىنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە:

— قېنى، قېنى سۆزلە، قانداق سۆز بولسا مۇشۇ ئورۇندا دېگىنىڭ ياخشى، — دېدى.

— مەزەمزات دېگەن بىرنېمىنى سوراق قىلغان يەردە مەنمۇ بار ئىدىم، — دېدى كۇرە دارىنى جياڭجۈننىڭ ئىجازە-

تىدىن كېيىن، — ئۇ، مەن ئادشىپتىمەن، مېنى كەچۈر-
سىلە، جانابلىرى، مەن ئەسلى ئۇنداق يامان، تېگى پەس
ئادەملەرنىڭ نەسلى ئەمەس ئىدىم. مەن خانغا خىزمەت كۆر-
سەتكەن، مۇسا گۇڭ ئەۋلادى بولىمەن، دېۋېدى، جانابلىرى.

— ھە، مۇسا گۇڭ ئەۋلادى بولىمەن دېگەن، دەمسىنا؟
ئۇھازىر قەيەردە؟

— جانابلىرى، زىندانلار يېتىشمەي، ئۇ مىس كانىغا
پالانغان. ھازىر شۇ يەردە ئىشلەۋاتىدۇ، — دېدى كۈرە
دارېنى دۇدۇقلاپ.

— بۇيرۇق، مەزەمزات قايتۇرۇپ كېلىنسۇن!

جياڭجۇن غۇلجا شەھىرىنىڭ ھەربىي ئەمەلدارى زېن
دارېن بىلەن ئۇزاق سۆزلەشتى. مەزەمزاتنى ئىلىغا ھاكىم-
بەگ قىلىپ تەيىنلىگەندىن كېيىن، قازانچىدىكى قاچاقلارنى
تەلتۆكۈس قولغا چۈشۈرۈشتە، ئۇنىڭدىن قانداق پايدىلىنىش
توغرىسىدا خۇپىيانە مەسلىھەتلەشتى...

مەزەمزات مىس كانىدىن قايتۇرۇپ كېلىنىپ، ئىلىنىڭ
بېگى قىلىپ تەيىنلەنگەن كۈنلەردە ئىلىدا قۇرغاقچىلىق بو-
لۇۋاتاتتى. 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرى بولۇشىغا قارىماي، قۇياش
قىزدۇرۇپ تۇراتتى. يامغۇر ياغمىغىلىمۇ ئۇزاق ۋاقىت بو-
لۇپ قالغانىدى. شۇڭا مەزەمزات غۇلجا شەھىرىنىڭ يېنىدى-
كى ئالتۇنلۇق دېگەن يەردە چوڭ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈپ، خۇدا-
دىن يامغۇر تىلىمەكچى بولۇپ، ھەرقايسى يېزىلارغا خەۋەر
قىلدى. ھەتتا قازانچى جىلغىسىدىكىلەرگىمۇ خەۋەر يەتكۈ-
زۈپ، سادىرنى ئۆز ھەمراھلىرىنى باشلاپ كېلىپ، زاراخەت-
مىگە قاتنىششقا تەكلىپ قىلدى.

قازانچى جىلغىسىنىڭ ئوچۇقچىلىق يېرىدە سادىر ئۆز

ھەمراھلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. تۇيۇقسىز مەزەمزاتنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى يېتىپ كەلدى. ئولتۇرغانلار ئورنىدىن تۇردى ۋە ئۇ كىشى بىلەن تىنچ ـ ئامانلىق سوراشتى. مەزەمزاتنىڭ ئەۋەتكەن ئادىمى سادىرغا كېلىش مەقسىتىنى پىچىرلاپ ئېيتتى. خەۋەر مۇنداق ئىدى: «6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى ئالتۇنلۇقتا چوڭ زاراخەتمە ئۆتكۈزۈش باھانىسى بىلەن يىغىلىپ، ئىلى جياڭجۇنىگە قارشى قوزغىلاڭ كۆتۈرىمىز.»

سادىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ قالدى: «مەزەمزات مىس كانىدىن تېخى يېقىندىلا قۇتۇلۇپ، بەگ بولغان تۇرسا، قانداقلارچە قوزغىلاڭ ئۇيۇشتۇرماقچى بولۇپ قالغاندۇ؟» ئەتراپتىكىلەرمۇ سادىرغا تىكىلىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار سادىرنى ئويلاندۇرۇۋاتقان ئىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشكە تەقەززا بولۇۋاتاتتى. سادىر ئاخىرى مەزەمزاتنىڭ تەكلىپىنىڭ مەزمۇنىنى ئۇلارغا ئېيتىپ بەردى، بىرەيلەن مەزەمزاتنىڭ ئەلچىسىنى مېھمان قىلىش ئۈچۈن بىرەيلەن ئۆڭكۈرگە باشلاپ كەتكەنىدى. كۆپچىلىك ئارىسىدا بۇ ئاجايىپ خەۋەر ھەققىدە غۇلغۇلا باشلىنىپ كەتتى.

— مەن مەزەمزاتقا ئىشەنمەيمەن.

— بىر بالاسى بولمىسا سايدا قۇيرۇق نەقىلۇر، دەپتىكەن، جياڭجۇن تېخى تۇنۇگۈنلا مىس كانىدىن قۇتقۇزۇپ بەگ قىلغان ئادەم، ئەجەبا ھېچ گەپتىن ھېچ گەپ يوق قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈسى كېلىپ قاپتۇغۇ؟ بۇنىڭ چوقۇم بىر بالاسى بار ئىش جۇمۇ.

— بۇ بىر قىلتاق دەڭلار، قىلتاق.

— ئۇنداق دەپ كىرمىسەكمۇ بولماس.

مەرھۇم دادىسى قەمىردىن خەلىپىنىڭ ئىزنى بىسىپ بالا ئوقۇتۇۋاتقان شەمشىدىن خەلىپە مەزەمزاتنىڭ «زاراخەتـ-مە» ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ، سادىرغا خەۋەر قىلىش ئۈچۈن قازانچىغا كەلگەنىدى. سورۇندا ئۇمۇ بار ئىدى، ئۇمۇ سۆز قىستۇرۇپ پەرىزىنى ئېيتتى:

— ماڭا يازغان خېتىدىمۇ يامغۇر تىلەپ زاراخەتمە ئۆت-كۈزۈش باھانىسى بىلەن كۆتۈرۈلىمىز، دەپتۇ. بىراق بۇ خەتكە ئىشەنچ قىلغىلى بولمايدۇ، مېنى بۇنداق گۇمانغا كەل-تۈرگەن ئىش مۇنداق: خەتتە كۆتۈرۈلۈشنىڭ تەييارلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق گەپ يوق، شۇڭا ئۇ ئاشۇنداق دەپ سىلەرنى ئالداپ، جياڭجۇنگە تۇتۇپ بەرمەكچىمىكىن، دەپ گۇمان قىلىمەن.

— شۇنداق، — دېدى سادىر ئۇنىڭ پەرىزىنى قۇۋۋەتـ-لەپ، — مەزەمزاتنىڭ نېمە ئىش قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولمايدۇ، يەنە كېلىپ ئوردىدىكى ئادەملىرىمىزدىن بۇ توغرىدا ھېچقانداق خەۋەر ئالالمىدۇق. لېكىن شۇنداق دەپ ئالتۇنلۇقتا چۈشىمىسەكمۇ بولماس، ئاۋۋال پۇختا تەييار-لىق قىلىپ چۈشەيلى. ئۇ يەردىمۇ ئاللا بىزگە يار بولغاي. بۇ يەردە بۇنداق يېتىۋەرگەندىن نېمە پايدا؟ بەلكىم مەزەمزات ئەل قايغۇسى ئۈچۈن راستتىنلا زاراخەتمە ئۆتكۈزمەكچى بول-غاندۇ ياكى شۇنداق دەپ بىزگە توزاق قويماقچىدۇ، كۆرۈپ باقايلى.

ئەتراپتىكىلەر سادىرغا قايىل ئىدى، شۇڭا سورۇندىكى-لەر ئىچىدىن ئۇنىڭ سۆزىگە زىت گەپ قىلغۇچىلار بولمى-دى.

1858 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى قۇياش نەيزە

بويى كۆتۈرۈلۈش بىلەنلا زېمىننى قىزىتىشقا باشلىدى. كۆكتە ئالىقانچىلىكمۇ بۇلۇت يوق ئىدى، زېمىن گويا قىزد-تىلغان تونۇر. . . ھەممە نەرسە ھازىرلا كۆيۈپ كېتىدىغاند-ىدەك تۇيۇلاتتى. دەل ـ دەرەخلەرمۇ قاتۇرۇپ قويغاندەك ياكى سىزىلغان رەسىمدەك جىمجىت تۇراتتى.

قۇياش تىكلەشكەندە زېمىن تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. شۇ-ڭا زاراخەتمىنىڭ ئاساسلىق ئادەملىرى — يۇرت كاتتىلىرى ئالتۇنلۇققا كۈن قايرىلغاندىن كېيىن كېلىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار بۇلاققا يېقىن جايدا، چىمەنلىكتە ئولتۇرۇشقانلىرىغا قارىماي ئىسسىپ، تەردىن ئارامسىزلانماقتا ئىدى. قارا پە-رىجە كىيىپ ئاق سەللە ئورىغان مەزەمزاتنىڭ ئىككى يېنىدا ئىسراپىل، موللا شاۋكەتكە ئوخشاش يۇرت كاتتىلىرى مە-زەمزاتقا ئوخشاشلا جۇپ تىز بولۇپ ۋە سەل مۈكچىيىپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۇلار ئارىلاپ باشلىرىنى كۆتۈرۈپ، شەھەر تەرەپكە قاراپ قويۇشاتتى. جامائەتتىن خېلى نېرىدا ئوچاقلار قېزىلىپ، داش قازانلار ئېسىلغانىدى. ئۇ يەردىن كۆكۈچ ئىس ئۆزۈلمەي ئۆرلەپ تۇراتتى. بۇلاق بېشىدىن خېلى نېرد-ىكى دەرەخلەرگە ئات ـ ئېشەكلەر باغلانغان بولۇپ، ئېشەك-لەرنىڭ ھاڭراشلىرى قۇلاق ـ مېڭىنى يەيتتى.

بىر ئازدىن كېيىن شەھەردىن سەللە ئورىغان، ئون ـ ئون ئىككى ياشلاردىكى باللارنى ئەگەشتۇرۇۋالغان خەلىپە، ھاپىزلار چىقىپ كەلدى. ئۇلار سورۇندىن ئورۇن ئېلىشتى. قازان بېشىدا بىر توپ كىشىلەر ئىشلەۋاتاتتى. ئۇلار كىشى-لەر زاراخەتمىگە ئاتاپ ئەكەلگەن توخۇ، ئۆردەك، غاز قاتار-لىقلارنى سويۇپ، قازانلارغا تاشلىشاتتى. قازانلاردا گۆشمۇ، گۈرۈچمۇ، ئۇنمۇ، ئىشقىلىپ زاراخەتمىگە ئاتاپ ئەكېلىنگەن

نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى پۇرۇقلاپ قايناپ مەززىلىك پۇراق تارقىتىپ تۇراتتى. بۇ يەر گويا بازاردەك، باللار قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى.

پېشىن نامىزىدىن كېيىن داش قازانلاردىكى تاماقلار جامائەتكە تارتىلدى. تاماقتىن كېيىن زىكرى ـ سۆھبەت باشلاندى، كېيىن قۇرئان تىلاۋەت قىلىندى.

جامائەت تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ، تاش ساناپ ئايەت ئو-قۇيتتى.

ئېگىلگەن كۆن بارغانسېرى پەسلىمەكتە ئىدى. سادىر ۋە باشقا قاچاقلار بولسا تېخىچە كۆرۈنمەيتتى. بۇ ھال مەزەمە-زاتنىڭ كۆڭلىدىكى ئەندىشىنى تېخىمۇ كۈچەيتمەكتە ئىدى. تېخىمۇ يامىنى، ئوڭ يېنىدا ئولتۇرغان ئىسراپىل ئۇنىڭغا پات ـ پات قەھرى بىلەن قاراپ قوياتتى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىد-رىدا «سەن بىز ـ جياڭجۇننىڭ ئادەملىرىنى ئالدىماقچىمۇ؟ سادىر زارەخەتمىگە كېلىدىغان بولدى، دېگەن خەۋىرىڭ يال-غان بولىدىغان بولسا كۆرگۈلۈكۈڭ بار ...» دەۋاتقاندەك ئىدى. جاڭجۇننىڭ سۈرلۈك چىرايىمۇ ھېلىدىن ـ ھېلىغا مەزەمزاتنىڭ كۆز ئالدىغا ئايان بولاتتى. ئۇمۇ مۇنۇ سۆ ئامىلى ئىسراپىلغا ئوخشاش قەھرلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلات-تى. «ئەجىلىم جياڭجۇننىڭ قىلىچىدا ئەمەستۇ؟ — دەپ ئويلايتتى ئۇ دەككە ـ دۈككە ئىچىدە، — ئۇلۇغ ئاللا، مېنى پاناھىڭدا ساقلىغايسەن، تەلەپلىرىمنى ئىجاۋەت قىلغايسەن، سادىرنى مۇشۇ سورۇنغا كەلتۈرگەيسەن...»

مەزەمزات بىر چاغدا جامائەتكە بىر ـ بىرلەپ قاراپ، ئوردىدا ئىشلەيدىغانلاردىن ئەلى، ئابدۇرۇسۇل (ئابدۇرۇ-سۇل سادىرنىڭ يادا باققان چاغدىكى دوستى بولۇپ، ئۇنىڭ

مۇساگۇلۇڭ ئەۋلادى بىلەن يىراق بولسىمۇ تۇغقانچىلىق مۇنا-
سىۋىتى بولغاچقا، ھاكىمبەگ ئوردىسىغا ئەكىلىۋالغانىدى)
لارنىڭ سورۇنغا ئەمدىلا كىلىپ، جامائەتنىڭ ئارقىسىدا ئول-
تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى - دە، جۈدۈنى تۇتتى. مەزەم-
زات ئۇ ئىككىسىنىڭ سادىر بىلەن ئالاقىسى بارلىقىنى ئاڭ-
لىغانىدى. ئۇلار بۈگۈن بۇ يەرگە نىمىشقا كىچىكىپ كەل-
دى. قەيەرلەرگە بىرىپ كەلدى؟ بۇ بىر سىر، كىشىدە
گۇمان قوزغايدىغان ئىش ئىدى. مەزەمزات ئويلىغانسىرى
سەپراسى ئۆرلەيتتى، ئۇنىڭ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ،
ئابدۇرۇسۇل بىلەن ئەلىنىڭ ياقىسىدىن ئالغۇسى ۋە نىمە
ئۈچۈن كىچىكىپ كەلگەنلىكىنى بىلگۈسى كىلەتتى. بىراق
زاراخەتمە سورۇندا يىراق - يىقىندىكى يىزىلاردىن كەلگەن
شۇنچە كۆپ جامائەت ئالدىدا، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس
ئىدى. ئىسراپىلمۇ ئۇنى ئورنىدىن قوزغالغىلى قويمايتتى،
ئەلۋەتتە. ئۇ دەرغەزەپكە كەلدى. ئىچ - ئىچىدىن تىترىدى.
يەنە ئوغرىلىقچە ئالدى - كەينىگە قارىدى. جامائەت بۇرۇنقى-
دىنمۇ كۆپەيگەندەك كۆرۈندى. نىمىشقىدۇر، ئەھۋال باشقى-
چە تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ دەككە - دۈككىسى تېخىمۇ كۈچەيدى.

ئەسىر نامىزىنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، ئەمما
مەزەمزات ئەسىرنى ئۆتەش لازىملىقىنى ئىغىزىدىن چىقىرىش-
قا جۈرئەت قىلالمىدى. چۈنكى ئۇنىڭغا ئىسراپىل زەھەرلىك
تىكىلىپ تۇراتتى. ئۇ ئاخىرى مەزەمزاتنىڭ قۇلىقىغا پىچىر-
لىدى:

— قىنى ئۇلار - ھە؟

— ھىچ… ھىچ كەلمەيۋاتىدۇ، تەقسىر… كىلىپ قالار…، —
دىدى مەزەمزات دۇدۇقلاپ.

— جياڭجۇننىڭ سۆزى ئېسىڭىزدىمۇ؟
— ئېسىمدە، تەقسىر، ئېسىمدە. . .
مەزەمزات جياڭجۇن دېگەن سۆزنى ئاڭلاپ شۈركۈنۈپ كەتتى. چۈنكى جياڭجۇن: «بىلىپ قويي، بۇ سەن ئۈچۈن بىر سىناق، نەسلىڭنىڭ يولىدىن ماڭىمەن، ئىلىنىڭ ھاكىمبېگى بولۇپ قالىمەن دېسەڭ، پۇقرا ئالدىدا ئىناۋىتىڭنى ئۆستۈرىدىغان بۇ زاراخەتمىگە بىز ئىزدىگەن كىشلەرنى ئەكەلدۈرىسەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە ئىش قىلىپ، بىرەر يامانلىقنى كۆزلىسەڭ كاللاڭ ئېلىنىدۇ...» دېگەنىدى.
— ئۇنداقتا ئۇلارنىڭ ھازىرغىچە كەلمەسلىكىنى نىمەدەپ چۈشىنىش مۇمكىن، تەقسىر؟
ئىسراپىلنىڭ بۇ تەئەددىسى مەزەمزاتنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئەمما ئۇ ئىسراپىلنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرەلمەي ئالدى ـ كەينىگە ئالاقزادە بولۇپ قارىدى. جامائەت ئارىسىدىكى كىيىنىشى ئوسال بىر قىسىم كىشىلەرگە كۆزى چۈشتى. ئۇلارنىڭ توپا ـ چاڭ باسقان چىرايلىرى جىددىي كۆرۈنەتتى. قاپىقى تۈرۈلگەن بۇ كىشىلەر مەزەمزاتقا سۈرلۈك تىكىلىپ قارىشاتتى. كېيىن ئۇنىڭ كۆزىگە جامائەتنىڭ ئەتراپىنى قورشىۋالغان چېرىكلەر كۆرۈندى. «سادىر كەلگەن بولسا كېرەك. مۇنۇ تەلەتى سۈرۈن كىشىلەر ئۇنىڭ ئادەملىرىدەك قىلىدۇ، — دەپ ئويلىدى مەزەمزات تېنى شۈركۈنۈپ تۇرۇپ، چۈنكى ئۇ بىرئازدىن كېيىن جامائەتنىڭ پاتىپاراق بولۇپ قېچىشى مۇمكىنلىكىنى خىيالىدىن ئۆتكۈزگەنىدى، — چېرىكلەر شۇنىڭ ئۈچۈن قورشاۋاتسا كېرەك...»
ئەمدى زاراخەتمىنى ئاخىرلاشتۇرۇش لازىم ئىدى. چېرىكلەر شۇنىڭدىن كېيىنلا سادىر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى

تۇتماقچىدى. ئۇلار دۇئا قىلماي تۇرۇپ سادىر ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى تۇتۇشقا كىرىشسە، جياڭجۇن بىلەن مەزەمزاتـ-نىڭ قەستى ئاشكارىلىنىپ قېلىشى بۇ ھەرىكەت مۇسۇلمانـ-لارنى تېخىمۇ قاتتىق غەزەپلەندۈرۈپ، ئومۇمىي ئىسيانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. مەزەمزاتنىڭ بۇ قارىشىغا جياڭجۇن قوشۇلغانىدى. شۇڭا مەزەمزات زاراخەتمىنى ئاـ-خىرلاشتۇرۇشقا ئالدىراپ دۇئاغا قول كۆتۈردى:

— ئامىن...

مەزەمزات جامائەتنىڭ جىم بولۇشىنى كۈتتى. ئەمما جامائەت جىم بولۇشنىڭ ئەكسىچە، پىچىرلاشلار ئۇنلۇك سۆزگە ئايلانماقتا، جامائەت قايسىبىر ئايەتنى تەكشى ئاۋازدا ئوقۇماقتا ئىدى. ئۇ جامائەتنى جىم بولۇشقا ئۇندەپ يەنە:

— ئامىن! — دېدى.

مەزەمزاتقا ئىسراپىلدىن باشقا ھېچكىم ئۈن قوشمىدى، پەقەت يېنىدىلا بىرىنىڭ دانە - دانە ئۇنلۇك ئاۋازى ئاڭلاندى. مەزەمزات بۇرۇلۇپ قارىۋىدى، سول تەرەپتە — يېقىنلا جايدا تىلاۋەت قىلىپ ئولتۇرغان شەمشىدىن خەلپىگە كۆزى چۈشـ-تى. پۈتۈن جامائەت دېگۈدەك شۇنىڭغا ئەگىشىپ تىلاۋەت قىلىۋاتاتتى. مەزەمزاتنىڭ غەزىپى ئۆرلىدى، ئەمما ئىسراـ-پىلنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سادىرغا كۆزى چۈشكەندە غەزىپى قورقۇنچقا ئايلاندى. سادىر ئۇنىڭغا بىر كۆزىنى قىسىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. مەزەمزات بۇ ئىشارەتنى «گەپ قىلما، جىم ئولتۇر!» دېگەن مەنىدە چۈشىنىپ، قورقۇنچـ-تىن ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. سادىرنىڭ ئادەملىرى ئۇنى قورشىۋالغانىدى. ئۇ سادىرنىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنمىسا ئۇلاردىن ياخشىلىق كۆرمەيدىغانلىقىنىمۇ چۈشىنىپ يەتتى -

ده، دۇئاغا قايتا قول كۆتۈرەلمىدى. ئىسراپىلمۇ ئۇنىڭغا ئالىيىپ قارىيالمىدى. چۈنكى ئۇمۇ سادىرنى كۆرگەنىدى. بەلكىم سادىرنىڭ خەنجىرى ئۇنىڭ بىقىنىغا قادىلىپ تۇرغاندۇ.

نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن مەزەمزات كالتە ساقىلىنى چىمداپ ئولتۇراتتى. ئۇ بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمىدى. شۇڭا پېتىۋاتقان قۇياشنى ۋە شەپەققە بويالغان ئۇپۇقنى كۆرەلمىدى. ئەتراپتىكىلەرنىڭ قايسى ئايەتنى تىلاۋەت قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ پەرق ئېتەلمىدى.

ئۇنىڭغا بۇ تەكشى ئاۋازلار ئارىسىدا چېرىك ئاتلىرىنىڭ كىشنىشى، تۇياقلىرىنىڭ يەرگە ئۇرۇلۇشى، چېرىك باشلىقلىرىنىڭ ۋارقىراشلىرى تۇرۇپ - تۇرۇپ ئاڭلىنىپ قالاتتى.

ئاخىرى قاراڭغۇ چۈشتى. كىمدۇر بىرى — شەمشىدىن خەلپە بولسا كېرەك — دۇئاغا قول كۆتۈردى، ئۇنىڭغا مەزەمزات ئەگەشتى. كۈتۈلمىگەن قىسمەت ئۇنى شۇنداق قىلىپ قويغانىدى. ئۇ ئىككى ئوتتۇرىدا قېلىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن، دۇئانى ئۆزى باشلاپ بېرىشى لازىممۇ ياكى ئۇ باشقىلارغا ئەگىشىشى لازىممۇ، بۇلارنىمۇ ئويلىغۇچىلىكى قالمىغانىدى. چۈنكى، «قاسساپ مال قايغۇسىدا، ئۆچكە جان قايغۇسىدا» دېگەندەك، ئۇمۇ جان قايغۇسىدا قالغانىدى.

دۇئادىن كېيىن جامائەت گۇررىدە قىلىپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى - دە، سورۇن قالايمىقانلاشتى. سادىرنىڭ ئادەملىرى چېرىكلەرگە ئېتىلىشتى. ئۇلار قىلىچلىرىنى ئۇزۇن تونلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ كەلگەنىدى، ئەتراپىقىمۇ بىر قىسىم كىشىلەرنى يوشۇرۇپ قويۇشقانىدى. ئۇلار چېرىكلەر-

نى ئىككى تەرەپتىن قورشاشتى. جەڭ شىددەتلىك تۈس ئال-
دى. قىلىچ - قىلىچقا تەگكەندە چاقماق چېقىلغاندەك ئوت
ئۇچقۇنلىرى چىقاتتى. ئاتلار ئۆركۈپ ئۆزلىرىنى هەر تەرەپ-
كە ئۇراتتى. چېرىكلەرنىڭ باشلىرى يەرگە دومىلاپ چۈشەت-
تى، «چاپ، يانما!» دېگەن ئومۇمىي سادا گۈركىرىگەن
بوراندەك ئاڭلىناتتى. بىر خىل كىيىنىشتىن رەقىبلىرىگە
بەلگىلىك بولۇپ تۇرغان، ئەمما ئۆز رەقىبلىرىنى - قاچاق-
لارنى قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمەيۋاتقان چېرىكلەر ئونلاپ جە-
سەت قالدۇرۇپ پەرياد كۆتۈرۈپ، ياتقان ياربدارلارنى تاشلاپ
باياندای قەلئەسى تەرەپكە قاراپ قېچىشتى.

# سادىر پالۋان باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى قوشۇننىڭ قۇدرىتى

«1858 ـ يىلى (شيەنفېڭنىڭ 8 ـ يىلى) چارر ۇسىيە سودىگەرلىرى چار رۇسىيە مۇھاجىرلىرىنى قوغداشنى باھانە قىلىپ، ئىلى كونسۇلخانىسىغا ئىككى يۈز كىشىلىك قوغ- داش ئەترىتى، ئىككى زەمبىرەك ئورۇنلاشتۇردى. چار رۇ- سىيە ھۆكۈمىتى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتى بىلەن بىرلە- شىپ سادىر پالۋان يېتەكچىلىكىدىكى دېھقانلار قوشۇنىغا قارشى ئاتلاندى. . . »①

«1864 ـ يىلى كەچ كۈزدە سادىر ئۈچ مىڭدىن ئارتۇق چوڭ قوشۇن بىلەن غۇلجا شەھىرىگە ئىككىنچى مەرتىۋە ئومۇمىيۈزلۈك ھۇجۇم باشلىدى. شەھەر خەلقى بۇ ھۇجۇمغا ئىچكى جەھەتتىن مەدەت بەردى. ئون كۈنلۈك ئۇرۇشتىن كېيىن غۇلجا شەھىرى تولۇق ئازاد قىلىندى». ②

«1865 ـ يىلى چىلپەڭزە ھاكىمى سادىر پالۋان يېتەك- چىلىكىدىكى قوشۇننىڭ قۇدرىتىدىن قورقۇپ تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، ئۆچكە مۆڭگۈزىگە شام قاداپ قويۇپ بەرگەن سادىر

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى» 2- كىتاب 15- بەت.
② يۇسۇپبەگ مۇخلىس: «سادىر پالۋان قىسسىسى» 83- بەت.

ھىيلىسى ئالدىدا ئۆزلۈكىدىن تەسلىم بولدى. يىللار كەينى-
دىن يىللار ئۆتۈپ، سادىر پالۋانمۇ ياشتا چوڭىيىپ قالدى.
لېكىن ئۇنىڭ زالىملارغا بولغان قارشىلىقى بارغانسېرى كۈ-
چىيىپ باردى. ئۇنىڭ باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچى خەلقنى
باش ئەگدۈرەلمىگەن ئىلى جياڭجۈنى ئىلى ۋادىسىدىكى خەلق-
نىڭ ئۈستىدىكى سېلىقنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردى. ئىلگى-
رى ئىلىدىكى دېھقانلار يەر سېلىقى ئۈچۈن يىگىرمە مىڭ
دەن ئاشلىق تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى. ئىلى جياڭجۈن مەھكى-
مىسى بۇ يەر سېلىقىنى 1859 ـ يىلىغا كەلگەندە ئون ئالتە
مىڭ دەن كۆپەيتىپ ئوتتۇز ئالتە مىڭ دەنگە يەتكۈزدى.
شۇنىڭ بىلەن ھەربىر دېھقان ئائىلىسى يەر سېلىقى ئۈچۈن
ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئوتتۇز ئىككى خودىن ئاشلىق تاپشۇ-
رۇشقا مەجبۇر بولدى. بۇ دېھقانلار تاپشۇرۇش مۇمكىن بول-
مىغان سېلىق ئىدى. بۇ ھال خەلق ئارىسىدا تېخىمۇ قاتتىق
نارازىلىق پەيدا قىلدى. ئۇلار سېلىق ۋە زۇلۇمنىڭ ئېغىرلى-
قىدىن ئۆي ـ ماكانلىرىنى تاشلاپ قېچىشقا باشلىدى.

سادىر پالۋان ۋە ئۇنىڭ بۇرادەرلىرىنى پاناھ تارتىپ
قازانچى جىلغىسىغا قاچقۇچىلارمۇ كۈندىن ـ كۈنگە كۆپەي-
دى. سادىر پالۋان قوشۇنى 1864 ـ يىلى تۆت مىڭ كىشى-
دىن ئېشىپ كەتتى. شۇنداق قىلىپ ئومۇمىي خەلق قوزغى-
لىڭى ئۈچۈن شەرت ـ شارائىت پىشىپ يېتىلدى.

ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ يۇقىرىقىدەك زۇلۇمى
ۋە ئالۋان ـ سېلىقىنى ئېغىرلاشتۇرۇشى ساندىخوزا ئەتراپى-
دىكى تۇڭگان (خۇيزۇ) لاردىمۇ چوڭ داۋالغۇش پەيدا قىلغا-
نىدى. ئۇلاردىن ئۈچ يۈزدىن كۆپرەك كىشى سادىرغا قوشۇل-
ماقچى بولۇپ تەييارلانغاندا، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان جياڭ-

جۇن چىرىك ئەۋەتىپ ئۇلارنى باستۇرۇۋەتتى، ئۇلارنىڭ يې-
تەكچىسى پىستە قاتارلىقلارنى بوينىكېسىك دېگەن جايدا قەت-
لى قىلىپ، كاللىسىنى ئالدى. قىرغىنچىلىق تېخىمۇ كۆپ
تۇڭگانلارنىڭ سادىرغا قوشۇلۇشىغا سەۋەبچى بولدى.

شۇ يىلى كۈزدە سادىرنىڭ ئەتراپىغا بەشمىڭدىن كۆپرەك
كىشى توپلاندى. بۇ غەزەپلەنگەن كىشىلەر ئۇچقۇن چۇشۇپ
كەتسىلا لاپپىدە ئوت ئالىدىغان قۇرۇق ئوتۇنغا ئوخشايتتى.
ئۇلار ئۆزلىرىگە زۇلۇم سالغان ئەكسىيەتچى ھۆكۈمەتنى ئاغ-
دۇرۇشنى تەلەپ قىلاتتى. ئازادلىق ـ ئەركىنلىككە ئىنتىز-
زار بولاتتى. سادىر ئۇلارنى باشلاپ تاغدىن چۈشتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇلۇغ قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى.

شۇ كۈنى غەللە ـ پاراق تاپشۇرغىلى كىرگەن دېھقانلار
ناھايىتى جىق ئىدى. ھارۋىلار قاتار تىزىلىپ مېڭىشاتتى.
ئۇزۇن يولنىڭ چاڭ توپىلىرىدىن چىرايىنى تونۇغۇسىز بو-
لۇپ كەتكەن دېھقانلار شەھەرنى كېسىپ ئۆتۈپ، شەھەرنىڭ
جەنۇبىي تەرىپىگە — ئىلى دەرياسى بويىدىكى ئاشلىق ئامبى-
رى تەرەپكە قاراپ ئاقاتتى.

غۇلجا شەھىرىگە ھېچقاچان بۇنچە كۆپ كىشى كىرمىگە-
نىدى. بۇنچە كۆپ كىشىنىڭ غەللە ـ پاراق تاپشۇرغىلى
كىرگىنىنى شەھەر خەلقى ئۆمرىدە كۆرمىگەنىدى. شۇڭا
شەھەر خەلقى كارامەت ئىش بولۇشىنى كۈتەتتى. خەلق قوز-
غىلىڭى توغرىسىدا پىچىرلاپ سۆزلىشەتتى…

سادىر پالۋان ئادەملىرىنى شەھەرگە غەللە ـ پاراق تاپ-
شۇرغۇچىلار قىياپىتىدە ياساندۇرۇپ ئەكىرگەنىدى. ئۇلار
قوزغىلاڭنى ئاشلىق ئامبىرىنى قولغا ئېلىش بىلەن باشلى-
دى. ئاۋۋال ئۇ يەرنى ساقلاپ تۇرغان چېرىكلەرنى يوقاتتى،

كېيىن كەينىگە يېنىپ شەھەرگە باستۇرۇپ كىردى. پۈتۈن شەھەر جانلاندى، خۇشاللىققا چۆمدى، شەھەر خەلقىمۇ قوز- غىلىپ قوزغىلاڭچىلارغا قوشۇلدى:

— قېرىنداشلار، ھۆرلۈك ئۈچۈن قوزغىلايلى!

— ياشاپ كەت، سادىر پالۋان!

— خەلقنىڭ بەختىگە خۇدا ئۆمرۈڭلارنى ئۇزۇن قىل- سۇن، پالۋانلار!

خۇشاللىقىدىن قىنى - قىنىغا پاتمىغان توپ - توپ كىشىلەر مەھەللە - مەھەللىلەردىن چۇقان - سۈرەن سېلى- شىپ، چوماق - توقماق كۆتۈرۈشۈپ چىقىپ كېلىشەتتى. يېلىڭ - يالىڭاچ باللار ئۇلارغا ئەگىشىپ يۈرۈشەتتى. خەلق خۇددى ساي - سايدىن ئېتىلىپ چىققان قىيانلار قوشۇلۇپ دەھشەتلىك كەلكۈن ھاسىل قىلغاندەك، كوچا - كوچىلار- دىن چىقىپ كەلگەن قوزغىلاڭچىلار قوشۇلۇپ، توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلانغانىدى. شەھەر يامۇلىنى ساقلاپ ياتقان چېرىكلەر قوزغىلاڭچىلارغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كوچىغا چىققان بولسىمۇ، ئۇلۇغ كەلكۈندە يوق بو- لۇپ كەتكەن خەستەك ياكى كۈچلۈك بوران ئۇچۇرغان غازاڭ- دەك، قوزغىلاڭچىلارغا بەرداشلىق بېرەلمەي تىرىپىرەن بو- لۇپ كەتتى. يامۇلنى باشقۇرۇۋاتقان دارېنمۇ ئېسىلىپ ئۆلۈ- ۋالدى. شەھەر ئازاد قىلىنغان كۈننىڭ ئەتىسى قوزغىلاڭچى- لار قوشۇنى شەھەر كوچىلىرىنى ئارىلاپ، ئۆز كۈچىنى نامايان قىلدى. شۇ كۈنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ باشلىقلىرى، يۇرت كاتتىلىرى يىغىلىپ كېڭەش ئۆتكۈزۈپ، ۋاقىتلىق ھۆكۈمەتنىڭ باشلىقلىرىنى كۆرسىتىشتى.

ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت بىر مەزگىل ئەسكىرىي كۈچىنى

رەتكە سالغاندىن كېيىن شەھەر ئەتراپىدىكى بىرنەچچە قەلئە-
گە ھۇجۇم قىلىپ بىر ـ بىرلەپ ئېلىشنى پىلانلاپ چىقتى.
چۈنكى ئۇ قەلئەلەردە دۈشمەن چېرىكلىرى توپلانغانىدى.
ئۇلارنى يوقاتماي تۇرۇپ قوزغىلاڭنىڭ مېۋىسى بولغان ۋا-
قىتلىق ھۆكۈمەتنى ساقلاپ تۇرغىلى بولمايتتى.
چىلپەڭزە قەلئەسى بىرىنچى بولۇپ ئىشغال قىلىنىشى
كېرەك ئىدى. بۇ ئىش سادىرغا يۈكلەندى.
سادىر ئۆز قوشۇنىنى باشلاپ چىلپەڭزە قەلئەسىنى مۇ-
ھاسىرىگە ئالدى. ئەمما مۇستەھكەم قەلئە ئىچىدىكى قوشۇن
ئۇلارنى بىر كۈنلۈك جەڭدە يېقىن يولاتمىدى. مىلتىق ۋە
زەمبىرەكلەر شۇنچىلىك كۆپ ئېتىلدىكى، قوزغىلاڭچىلار
بىلەن قەلئەنىڭ ئارىلىقىنى ئىس ـ تۈتەك قاپلاپ كەتتى.
دىماغقا ئوق ـ دورا ھىدى پۇراپلا تۇراتتى. ئىككى تەرەپنىڭ
كۈچى تەڭ كېلىپ قالغاندەك ئىدى. ئوچۇق ـ تۈزدە سوقۇ-
شۇشتىن ھېچ پايدا يوقلۇقىنى سەزگەن سادىر «ئۇرۇشنىڭ
توققۇزى رەڭ، بىرى جەڭ» دېگەن تەمسىل بويىچە باشقىدىن
يول تۇتۇش كېرەكلىكىنى ئويلىدى ۋە چىلپەڭزە قەلئەسىگە
سۇ كىرىدىغان ئېرىقنى ئەتتۇرۇۋەتتى. كۆپ ئۆتمەي، قەلئە
ئىچىدىن داد ـ پەرياد ۋە يىغا ـ زار ئاڭلاندى.
سادىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە گۈگۈم مەزگىلىدە
بىر توپ تېكىلەر ھەيدەپ كېلىندى. تېكىلەرنىڭ مۈڭگۈزىگە
ياغقا چىلانغان نۆكچە باغلاندى ـ دە، قاراڭغۇ چۈشكەندە بىر ـ
بىرلەپ ئوت يېقىلدى. مۈڭگۈزىدە مەشئەل يېنىپ تۇرغان
تېكىلەر قەلئەگە قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى. قوز-
غىلاڭچىلارمۇ مەشئەل كۆتۈرۈۋالغانىدى. مەشئەللەر كېچە
قاراڭغۇلۇقىدا شۇنچە سۈرلۈك كۆرۈندىكى، قەلئەدىكى دۈش-

مەنلەر پۈتۈن زېمىننى قوزغىلاڭچىلار بېسىپ كەتكەندەك ھېس قىلىپ قورقۇنچقا چۈشۈشتى.
مەشئەللەر قەلئەگە يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بىر ئادەمنى مىڭ قىلىپ كۆرسىتىپ، چېرىكلەرنىڭ كۆزلىرىنى ئالاچەكمەن قىلىۋەتتى. «ئالغا» ساداسى ۋە چۇقان - سۈرەنلەر كۆكتە گۈرۈلدەپ ھەيۋەتلىك نەرىگە ئوخشاش ئاڭلىناتتى. ھايات قېلىشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن دارىنلارمۇ چېرىكلىرىگە ئوخشاش ئۆلۈم ۋەھىمىسىگە چۈشۈشتى. ئۇلار بىرئازدىن كېيىن قەلئە دەرۋازىسىنى ئېچىپ، كېچىدە كۆرۈنمەسلىكىگىمۇ قارىماي ئاق بايراقلىرىنى چىقىرىشتى. قەلئە ئىچىگە بىرىنچى بولۇپ مەشئەللىك تېكىلەر، كەينىدىن قوزغىلاڭچىلار بۆستۈرۈپ كىردى.
ئۇلارنىڭ گۈرۈلدىگەن ھەيۋەتلىك ئاۋازى دۈشمەننىڭ يۈرەكلىرىنى جۇغۇلدىتاتتى. بۇ سادا ئىلى جياڭجۈن مەھكىمىسىنىڭ مەركىزى قەلئەسى بولغان باياندايغا بوراندەك ئۇرۇلۇپ ئۇ يەردىكى چېرىك، دارىنلارنى دىر - دىر تىترىتىۋەتتى.
مىللىي ۋە سىنىپىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش، چىرىك ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش مەقسىتىدە غۇلجىدا ئىلى سۇلتانلىقى ۋاقىتلىق ھۆكۈمىتى قۇرۇلۇپ، ئۇنىڭغا ئىلگىرى - ئاخىرى بولۇپ، مەزمەزات، پوچى مەھمۇد، موللاشەۋكەتئاخۇن، ئەلاخانلار سۇلتان بولدى.
ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت قۇرۇلغاندىن كېيىنكى 1863 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن 1864 - يىلىنىڭ يېرىمىغىچە بولغان ۋاقىتتا باياندای قەلئەسىگە ئۈچ قېتىم ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، بايانداينى ئازاد قىلالمىدى. بۇنىڭدىكى سەۋەب، سادىر

پالۋاننىڭ ئىناۋىتىنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئۆسۈپ كېتىۋاتقان-
لىقىغا كۆچلۈك ھەسەت قىلغان ۋاقىتلىق ھۆكۈمەت باشلىق-
لىرى ئۇنىڭغا خىلمۇخىل بوھتان چاپلاپ ئۇنى زىندانغا تاش-
لىغانلىقىدا ئىدى. سادىر پالۋانغا كەلگەن دەرد ـ ئەلەملەر
يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى. قوزغىلاڭچىلار غۇلجا شەھىرىنى
ئېلىش ھارپىسىدا، يەنى 1856 ـ يىلى روزى ئېيىدا ئۇ
چېچەك كېسىلى تەگكەن ئالتە پەرزەنتىدىن بىراقلا ئايرىل-
غان، ئارقىدىنلا ئايالى ھېۋىزىخان بالىلىرىنىڭ دەردىدە كې-
سەل تارتىپ ئۆلۈپ كەتكەن، بولۇپمۇ ئۆزىنىڭ قېرىنداشلى-
رى تەرىپىدىن زىندانغا تاشلىنىشى ئۇنىڭغا تېخىمۇ ئېغىر
كەلگەنىدى. لېكىن باياندای ئۇرۇشىنىڭ مەغلۇبىيىتى — بۇ
ئۇرۇشقا سادىر پالۋاننىڭ سادىر پالۋاننىڭ باشچىلىق قىلمى-
غانلىقىدا، دېگەن پاكىتنى كېيىن ھەممەيلەن تونۇپ يەتتى.
شۇنىڭ بىلەن سادىر پالۋان زىنداندىن چىقىرىلدى.
1866 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى بەش مىڭدىن
ئارتۇق قوزغىلاڭچى بايانداىغا ھۇجۇم باشلىدى. ھۇجۇم پىلا-
نىنى سادىر پالۋان ئۆزى تۈزدى ۋە باياندايىنى ئىشغال قىلدى.
بۇ ھەقتە سادىر پالۋان مۇنداق قوشاق توقۇغانىدى:

غالجات، چېلەك، توقماق،
قەدىم جايىمىز بېسىپ ئۆتكەن.
نەرە تارتىپ ياۋنى يوقاتتۇق،
يامان نىيەت ئوي پۈككەن.

كۆرگەن بىر توپ تېرەكنى،
كېرەك قىلدۇق بىر باشقا.

## ئاق ئۇرۇشنىڭ ئىتلىرى
## مىنىۋالدى كۆكتاشقا.

«1864 ـ يىلىدىكى ئازادلىق قوزغىلىڭىدا مەنسەپپەرەسلىك، خائىنلىق چوڭلار ـ مەنسەپدارلار تەرىپىدىن بولدى. كۆپچىلىك خەلق بولسا ئازادلىق ئۇرۇشىنى تا ئاخىرغىچە ئېلىپ باردى، خائىنلارنىڭ تېگىشلىك جازاسىنى بەردى، مانا شۇنىڭ ئۈچۈن ئازادلىق قوزغىلاڭ ئىلىدا يېڭىپ چىقتى. . .

ئىلىدا بولغان ئازادلىق قوزغىلىڭىنىڭ يېڭىپ چىقىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، بۇ قوزغىلاڭدا ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشىدۇر. بۇ قوزغىلاڭغا ئۇيغۇرلار، تۇڭگانلار ۋە باشقا خەلقلەر قاتناشتى. بۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرلىك بولمىغاندا قوزغىلاڭنىڭ يېڭىپ چىقىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى» .①

1867 ـ يىلى سۇلتانلىق ئەلاخانغا تاپشۇرۇلغاندىن كېيىن سادىر، پالۋان ئۆز يېزىسى موللىتوختىيۇزىگە قايتىپ ئەڭ ئاخىرقى تۆت يىللىق ھاياتىنى ئۆز يېزىسىدا ئۆتكۈزدى. 1871 ـ يىلى چېچەك ۋاقتىدا ئۆز ئائىلىسىدە يۇرتقا نەزىر بەردى ۋە ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى.

«1871 ـ يىلى (تۇڭجىژىنىڭ 10 ـ يىلى) چاررۇسىيە ئىلىدىكى ئىچكى قالايمىقانچىلىقتىن پايدىلىنىپ ۋاكالىتەن ئىشغال قىلىپ بېرىش، ۋاكالىتەن قوغداش نامى بىلەن

---

① موللا بىلال بىن يۇسۇپ: «غازات دەر مۈلۈك چىن» ناملىق كىتابتىن.

ئەسكەر چىقىرىپ ئىلىنى بىسىۋالدى. ئىلى خەلقى تاجاۋۇز-چىلارغا قارشى باتۇرلارچە كۈرەش قىلغان بولسىمۇ، شۇ يىلى 7 - ئاينىڭ 2 - كۈنىدىن باشلاپ ئەللىك كۈن داۋام قىلغان قانلىق كۈرەش ئەلاخاننىڭ تەسلىم بولۇشى بىلەن ئاياغلاشتى. شۇنىڭ بىلەن ئىلىدىكى توققۇز شەھەر ئارقا - ئارقىدىن قولدىن كەتتى...»[①]

«چارروسىيە ئىلىغا بىر كاپىتاننى ئەڭ يۇقىرى ئەمەل-دار قىلىپ ئەۋەتتى. غۇلجا، بولبورغۇسۇن، قاينۇق ۋە سۈيدۈڭلەرگە ئايرىم - ئايرىم ھالدا تۆت نەپەر رۇسىيە ئەمەلدارىنى يەرلىك خەلقلەرنى باشقۇرۇشقا قويدى. يىگىرمە نەچچە چاقىرىم يەرگە ئۆي - ئىمارەت، باغ ياساپ، مۇستەمە-لىكە ھۆكۈمرانلىقىنى يۈرگۈزىدىغان بازا ۋە ھەربىيلەر گا-زارمىسى قۇردى».[②]

بۇ ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى سادىر ۋاپاتىدىن كېيىن بولۇپ ئۆتكەندى.

---

① «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2- كىتاب، 150- بەت.
② «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، 2- كىتاب، 162- بەت.

# ئاخىرقى سۆز

ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ سەركەردىسى، خەلق قو-
شاقچىسى سادىر پالۋان زۇلۇم ئەۋج ئالغان، ئادالەتسىزلىك
ھۆكۈم سۈرگەن چىلىك سۇلالىسى دەۋرىدە ياشىدى.

ئۇ چىلىك سۇلالىسى ھۆكۈمىتى يۈرگۈزگەن ھەر خىل
فېئوداللىق تۈزۈم - قائىدىلەرگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ۋە ناخشا -
قوشاقلىرى بىلەن مەردلەرچە قارشى تۇردى. ئۇ يەككە ھەرد-
كەتتىن قوزغىلاڭچى دېھقانلار ئەترىتىنى تەشكىللەشكە ئۆ-
تۈپ، تەشكىللىك ھالدا فېئودالىزمنىڭ چىرىك قائىدە -
تۈزۈملىرىگە، تەڭسىز - ئەركىسىزلىككە قارشى ئاتلاندى.

ئۇ كىچىكىدىنلا قورقماس، چىداملىق ۋە غەيرەتلىك
بولۇپ ئۆسكەن، ئون بەش يېشىدىن باشلاپ ئۆمرىنىڭ ئا-
خىرغىچە ئون ئۈچ قېتىم زىندانغا تاشلانغان، ئەمما ئۇ
بوينىغلىق بىلەن ئەزگۈچى زالىملاردىن قىلچە قورقۇپ قالمى-
غان. ئەكسىچە يالقۇنلۇق ناخشا - قوشاقلىرى، زۇلۇمغا
قارشى ئىسيانكار روھى ۋە مەردانە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئەز-
گۈچىلەرنىڭ قاتتىق دەككىسىنى بەرگەن.

ئۇ باشتىن - ئاخىر ئېزىلگەن خەلقلەرنىڭ پاراۋان،
خاتىرجەم تۇرمۇشقا ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلغانىدى، شۇڭا
ئۇ 1864 - يىلى ئىلى دېھقانلار قوزغىلىڭى دەسلەپكى غەلىبە-

گە ئېرىشىپ سۇلتانلىق تىكلەنگەندە، ھېچقانداق ئەمەل تۇت-
ماي ئۆز يېزىسىغا قايتقان. ئىلىدا چىڭ سۇلالىسىگە قارشى
قىرىق يىلدىن ئارتۇقراق ئېلىپ بېرىلغان دېھقانلار قوزغىلى-
ڭىنىڭ غەلىبە مېۋىسىنى، يەتتە يىل ھۆكۈم سۈرگەن ئىلى
سۇلتانلىق ھاكىمىيىتىنىڭ ئاساسىنى سادىر پالۋاننىڭ تۆھ-
پىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

سادىر پالۋان خەلق قەھرىمانى بولۇپلا قالماي، ئۆز
نۆۋىتىدە يەنە ھەقىقىي خەلق سەنئەتكارى ئىدى. شۇڭا خەلق
ئۇنىڭ ناخشا ـ قوشاقلىرىنى ھازىرغىچە چوڭقۇر مۇھەببەت
بىلەن ئېيتماقتا ۋە ئاڭلىماقتا.

سادىر پالۋان ئاددىيلا مەيدانغا كېلىپ قالغان قوشاقچى
ۋە پالۋان ئەمەس، ئۇ زۇلۇمغا، ئىستىبداتلىققا قارشى ھەقى-
قىي تۇردە ئاتلىنىپ «پالۋان» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئىگە
بولغان ئۇلۇغۋار تارىخىي شەخس.

شۇڭلاشقا خەلق ئۇنى سۆيىدۇ ۋە ئۇنتۇمايدۇ. ئۇنىڭ
قەبرىسى ئىلى دېھقانلار ئىنقىلابىنىڭ يادنامىسى سۈپىتىدە
غۇلجا ناھىيىسىنىڭ موللىتوختىيۈزى كەنتىدە ھازىرغىچە
ساقلىنىپ تۇرماقتا.

图书在版编目(CIP)数据
男子汉的化身:萨迪尔勇士/图尔逊·亚森著.
-乌鲁木齐:新疆青少年出版社,2001.6
(名人系列故事丛书)
ISBN 7-5371-3858-3

Ⅰ.男… Ⅱ.图… Ⅲ.萨迪尔-生平事迹
-维吾尔语(中国少数民族语言)Ⅳ.K825.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2001)第 25632 号

策 划 者: 艾尔肯·伊布拉音
责任编辑: 艾尔肯·伊布拉音
责任校对: 阿布列孜·阿巴斯
迪力亚尔·吐尔逊
封面设计: 艾克拜尔·萨力

名人系列故事丛书
男子汉的化身-萨迪尔勇士(维吾尔文)
图尔逊·亚森著

新疆青少年出版社出版
(乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编:830001)
新疆新华书店发行 自治区党委办公厅印刷厂印刷
787×1092 毫米 32 开 3.625 印张
2001 年 6 月第 1 版 2001 年 6 月第 1 次印刷
印数:1-5000

ISBN-5371-3858-3/I·1398 定价:4.80 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

ISBN 7-5371-3858-3

9 787537 138581 >

ISBN7-5371-3858-3/I·1398
(民文) 套价:24.00元 单价:4.80元